ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورنىڭ رۇخسىتى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

سۇبھى
2013 -4
1-سان

ئالىي ئوقۇللار

شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 3

ئەدەبىيات چەشمىلىرى

يوقالسۇن يۇرتۋازلىق 4

چۈش 7

سۈبھى سۆھبەت خاتىرىسى

ئالىي مەكتەپ ۋە پراكتىكا تەسىراتلىرى (سۆھبەت خاتىرىسى) 19

ئىلمىي ماقالىلەر

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى ئىككى تۆھپىسى 30

شېئرىيەت سالونى

باھارغا سېغىنىش 39
سۆيىدۇم بىر سېنى 40
تىلەك 42
سۈكۈت 44

تەبىئىي پەن ماقالىلىرى

شىمالىي ئامېرىكا بۆلجۈرگىنى 45

ئوبزورلار

«مەۋجۇدلۇق تەشنالىقى»دىن تۇغۇلغان ئويلار 48

تارىخ

ئامېرىكا ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشى 53

چەت تىلدىكى ئەسەرلەر

ھاياتلىقتىكى 12 چۈشەنچە 65

سۈبھى ساداسى

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە 69

شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى

شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە قاراشلىق 211 قۇرۇلۇشى، 111پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ بولۇپ، جىلىن ئۆلكىسى چاڭچۈن شەھىرىگە جايلاشقان . ئىككى مەكتەپ رايونىغا بۆلۈنگەن،ئومومىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 670مىڭ كىۋادرات مېتىر ،بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزى مەكتەپ رايونى 730 كىۋادرات مېتىر ،جىڭيۈ مەكتەپ رايونى 940مىڭ كىۋادرات مېتىر كېلىدۇ .مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 60 نەچچە يىل مابەينىدە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىقتىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى .

مەكتەپ ئەسلى ئىسمى شەرقى شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ 1946- يىلى ھازىرقى لىياۋنىڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق بېنشىدا قۇرۇلغان .ج ك پ شەرقى شىمال رايونىدا قۇرغان تۇنجى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپ .1949- يىلى چاڭچۈنگە يۆتكەلگەن ،1950- يىلى دۆلەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن .ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقى شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ شۆليالىڭنىڭ بىر قورساق ئىنىسى جاڭ رۇشىن تۇنجى نۆۋەتلىك مەكتەپ مۇدىرى بولغان .داڭلىق مائارىپچىلاردىن :جاڭرۇشىن ،چېڭ فاڭۋۇ ،دىڭ خاۋچۇەن قاتارلىقلار مەكتەپنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن .ھازىر شېڭ لىيەنشى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى لىيۇيى چۈن مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ .

مەكتەپتە ھازىر 22ئىنىستىتوت ،56 تولۇق كۇرس كەسپى بار .پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇغۇچىدىن 24567 نەپىرى ئوقۇۋاتىدۇ،بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 14365نەپەر ،دوكتور ،ماگىستىر ئاسپىرانت9478نەپەر ،چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار 724نەپەر . فىزىكا ئىلمى قاتارلىق 17 پەن تۈرىدە دوكتورلۇق ئۇنىۋانى تارقىتىش سالاھىيىتىگە

ئىگە ،مائارىپ ئىلمى ،جوڭگو تىلى ئەدەبىياتى ،تارىخ .قوللىنىشچان ئىقتىساد ئىلمى ، ماتېماتىكا، خىمىيە،بىئولوگىيە ،جۇغراپىيە ،سىياسەت،ماركسىزم نەزەرىيىسى، مۇھىتى ئىلمى ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشى ،نەزەرىيىۋى ئىقتىساد قاتارلىق ئىلمي تەتقىقات پونكىتى تەسىس قىلىنغان ،مائارىپ ،ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش ،تەنتەربىيە،خەنزۇتىلى خەلقئارا مائارىپ قۇرۇلۇشى ،تەرجىمانلىق ،گۈزەل سەنئەت،سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ،قانۇن قاتارلىق 9ماگىستىرلىق كافىدراسى تەسىس قىلىنغان .مائارىپ ئىلمي ،دۇنيا تارىخى ، ھۇجەيرە جانلىقلار ئىلمي ،ئېكولوگىيە ئىلمى ،ئەدىبىۋى سىياسى مائارىپ قاتارلىق 5 دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەن تۈرى ،165 ماگىستىرلىق نۇقتىسى ،78 دوكتورلۇق نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان .

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى :مەزكۇر مەكتەپتىن ئابلىز ئەخمەت

يوقالسۇن يۇرتۋازلىق

ئابدۇسەمەد ئابدۇخالىق

يۇرتىنىڭ ياخشىلىقىنى ياقلاش ياخشى، يامىنى يۇرتىنى يولسىز ياقلاش ياكى يۇرتۋازلىق يولىغا يېپىشىۋېلىش.يارەنلىرىمىزنىڭ يۈرىكى يىراق يات يۇرتلاردىمۇ يۇرتىغا يېقىن، يىرگىنچىلىك يېرى،يۈرىكىگە يىلان يۆگىلىۋالغانلار، يۈرىكىدە يىرىك يامىرىغانلار، يات يەرلەردىمۇ يۇرتۋازلىشىپ يۈرىدۇ. يىلىسىرى يامراۋاتقان يۇرتۋازلىق يارەنلىرىمىزنىڭ يېلىنجاپ ياندىغان يۈرىكىنى يارىلىماقتا.يۇرتۋازلار يولسىزلىشىپ ،يېقىنلىقىنى يوقىتىۋەتمەكتە.ياتلار يۇرتىدىمۇ يۇرتۋازلىق يىلتىزلاپ ،يېقىن يورۇقلارمۇ يول ـ يولدا يالتىيىشىپ،يېقىن يولاشماي يۈرۈشمەكتە.ياخشى يېرى، يېقىنقى

يللاردا ياخشلار يۇرتۋازلقنى يوقتش يولدا يۇرەكلك يۇرۋپ،يېقنلقنى، يېرلماسلقنى ياقلماقتا.يامان يېرى، يۇرتۋازلقنڭ يامانلقدن ياخشلارنڭ يولدا يلانلار يېتۋالماقتا.

يۇرتۋازلار يۇرتلقلرى يغلسا يايرايدغان،ياقا يۇرتلۇقلار يېندا يوقتن ـ يوقلا يامانلايدغان،ياقا يۇرتلۇقلار يېقنلاشسمۇ يەنە يالتيۋالدغان،يۇرتلۇقنڭ يولنلا ياقلايدغان ،ياقا يۇرتلۇقلارنى ياراتمايدغان،يامان يۇرتلۇقنى ياخشغا،ياخشى ياقا يۇرتلۇقنى يامانغا يازدغان،يلان يۇرەك،يانتاق يۈزلەردۇر.

ياقا يۇرتلاردمۇ، يۇرتۋازلق يۈگندن يراقلشالماي، يېقنلارغا ياردەم يەتكۈزمەكتە يوق،يۈقرغا يامانلاشقانلارنى، يقتپ يېقنلارنى يركلتپ،ياتلار يېردە يۈزمزنى يوقتپ يۇردۇق. يۇرتۋازلق يارامسزلارنڭ يۈركدلا ياشيالايدۇ.يۇرتۋازلق يۇرەكتە يلتزلغانسرى،يەرلشپ،يۇرەكلەرنى يگلتدۇ، يېقنلقنى يوقتدۇ، يۇرەكلەرنى يېغرلتدۇ.يۇرتۋازلار ياقا يۇرتلۇق يەتكۈزگەن ياخشلققمۇ يامانلق ياندۇردۇ،يۇرتۋازلار ياخشى يولدن يۆملاپلا يېنۋالدۇ،يۇرتۋازلار يۈزسزلەردۇر، يېقنچلقتا يالغانچلاردۇر.

يۇرتۋازلاردن يۈندخورلار ياخشدۇر. يۇرتۋازلق يوتقندا يېتۋالغانلار،يۇركڭلارنى يەنە يرڭلتپ يۇرمەڭلەر. يوتقنڭلارنى يرتپ، يۇركڭلارنى ياخشلقتا يۇيۇڭلار، ياخشلق يولدا يۇرۇڭلاركى،يامانلقتن يالتيڭلار،يۇرتۋازلق يۈندسنى يەنە يالاپ يۇرمەڭلار.يۇرتۋازلقتا ياۋزلاشقانلارنى يەر يالماپ يۇتقاي.

يارەنلەر،يۇرەكلىرىمىز يېقىنلاشمىسا ، ياردەم يەتكۈزۈشمىسەك،يەنىلا يېيىلىپ،ياتلاردەك،ياۋلاردەك يۇرۇشسەك ياخشىمىدۇ؟! ياتلاشساق، يىراقلاشساق،يىرىكلەشسەك،يۇمران يۇرىكىمىز يارىلانماسمۇ؟؟؟!!!

يۇرتۋازلىق يۇرىكىگە يەرلىشۋالغان يامانلار،يىرگىنچلىك يولۇڭلاردىن يېنىڭلار،يىلانلار يامرىغان يۇرىكىڭلاردا ياخشىلىق يالقۇنلىسۇن.يۇرۇقلۇق يوقالغان،يانتاقلار يىلتىزلىغان يۇزۇڭلاردا ياخشىلىق يالتىرىسۇن، يېقىملىقلىق ياراشسۇن.

يۇرتۋازلىقنىڭ يامانلىقىنى يازساق يېرىملاشماس،يۇرتۋازلىق يازغانغىلا،يامانلىغانغىلا يوقالماس،ياراتقۇچىنىڭ ياردىمىسىز يۇرتۋازلىق يوقالمايدۇ.يەر يۇزىدىكى ياخشىلار يۇرتۋازلىقتىن يامانلايدۇ،يۇرتۋازلىقنى يىلتىزىدىن يوقىتىش يولىدا يۇرىكى يارىلانسىمۇ، ياخشى يولدا يارامىلىقلارچە يۇرۇۋېرىدۇ.

يا يارەنلەر!ياراتقۇچى يولىدا يېقىنلىشايلى،يۇرەكلىرىمىزدە يېقىنلىق، ياخشىلىق يىلتىز تارتسۇن،يات يۇرتتا ، ياتلار يېنىدا يالتىيىشىپ، يىرىكلىشىپ،ياتلىشىپ يۇرمەيلى،يېقىنلىقىقا يەتكۈزىدىغان ياخشى يولدا يۇرەيلى.يامانلىشىپ يۇرگەنلەرنى ياراشتۇرۇپ،يىراقلاشقانلارنى يېقىنلاشتۇرۇپ، يۇرەكلىرىمىزدە يېڭىدىن يېقىنلىق يالقۇنىنى يېلىنجىتايلى.ياشلىقىمىزدا ياخشى يوللاردا يۇرۇپ ،يىلىسرى ياخشىلىقلار يېتىلدۇرۇپ،يامان يوللاردى يېنىپ،ياراتقۇچىغا ياققۇدەك يارامىلىق يېتىلەيلى.

ياخشىلىق، يامانلىق ياراتقۇچىدىندۇر،ياخشى يول يېقىنلىقنى ياقلايدىغانلارغا، يامان يول يۇرتۋازلارغا يېقىندۇر.

يوقالسۇن يىرگىنچلىك يۈرتۋازلىق!يوقالسۇن يىلتىزىدىن يۈرتۋازلىق!يۈرتۋازلىق ياۋۇزلۇقتۇر،ياۋۇزلۇقنى يوقىتىش يارامىلىقلارنىڭ،ياخشىلارنىڭ يولىدۇر.ياراتقۇچى يۈرتۋازلىقنى يوقىتىش يولىدىكى ياخشىلارغا ياردەم يەتكۈزگەي.

يۈرتۋازلىقتىن يىرگىنەيلى، يېتەر!!!!يەنە يۈرتۋازلىشىپ يۈرمەيلى!

يېزىۋەرمەي يازمامنى يىغىشتۇراي،يۈرتۋازلىقتىن يىراقلاشقانلار ياشىسۇن!!!ياخشىلار ياشىسۇن!!!

چۈش

(ھېكايە)

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا يېقىن ئۆگىنىش بېسىمى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك كۈندۈزى نېمە ئىش قىلسام كېچىسى شۇنى چۈشەيدىغان، كېچە-كېچىلەپ فورمۇلا يادلاپ ياتاقداشلىرىمنى ئۇخلاتمايدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ كارىۋىتىمدا مەسىلە بارمۇ ياكى كاللامدىمۇ ئۇنى بىلمىدىم ئىشقىلىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتىممۇ چۈش كۆرۈۋېرىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام يۇمسام ئوخشاش. ئوقۇغۇچى دېگەن ساراڭ ئىكەن، شۇنداق ئۆگىنىش بېسىمى ئاستىدىمۇ كېچىلىرى بالدۇرراق ئۇخلاي دېمەي بىر كېچىكلەرگىچە تېخى ئامېرىكىنىڭ ئىلمى فانتازىيە فىلىملىرىنى، كورىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق فىلىملىرىنى كۆرۈپ كېتىمىز. ئالدىنقى ھەپتە تېخى كەچتە ئامېرىكىنىڭ بىر فىلىمنى چالا كۆرۈپ

ئۇخلاپ قوپۇپ كىچىچە ئالەمنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۇچۇن ئالدىراش بولۇپ شۇنداق ھېرىپ كەتتىم. بۇنىڭغا كۆلمەڭ، قىزىق گەپ تېخى ئالدىدا.يەنە بىر كۈنى كەچتە بالدۇر ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىر چاغدا قارىسام پلانېتلار ئارا ئۇرۇش بولىۋاتقان مەيدانغا بېرىپ قاپتىمەن. ۋاھ! ئولتۇرغىنىم ئۇچار تەخسە ئىمىش، مەن قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن پاراشوت بىلەن يەر يۈزىگە چۈشمەكچى بوپتىمەن، ئەمما.... ۋاھ، ئەجەب تېزلا چۈشۈپ كەتتىما؟ پاراشوت ئېچىلماي قالدىمۇ نېمە؟ بەدىنىم قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئەسلى ئۇچار تەخسىدىن ئەمەس تۆت پۈتلۈق شەخسى تېك ئۇچارىمدىن يوتقىنىمنى پاراشوت قىلىپلا سەكرەپتىمەن ئەمەسمۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈن دەرسكىمۇ چىقالمىدىم.

※ ※ ※

بۈگۈن شەنبە، ئاران كەلگەن ئارام ئېلىش كۈنى ئۆيگە قايتىشىم كېرەك ئەلۋەتتە. مەن خەلقىمنى چۈشىنىش، خەلق ئارىسىغا چۆكۈش ئۇچۇن مۇشۇ قىستاڭ بېكەتتە ماشىنا ساقلاۋاتىمەن. مانا ئاپتوبۇس كەلدى. شۇ كونا ئاپتوبۇسنىڭ شۇنچىلىك قىلغۇدەك نېمىسى بار دەيسەن؟ ئۇلار مەندەك شەھەر باشلىقىنىمۇ تونۇماستىن قىستىلىپ چىقىشتى، ئەلۋەتتە مەنمۇ چىقتىم. ئەجەبا ئۇلار مېنى تونۇمامدىغاندۇ؟ بوپتۇلا، ھېلى ماشىنىدىن چۈشۈپ تۆيۈقسىزلا مەلۇم ئورگانلارنى تەكشۈرگىلى كىرىپ كىبىرىمنى بىر كۆرستىپ قويمىسام مېنى تونۇماس بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ بۇلار....

ماشىنا قاتتىق تورمۇزلاندى. قولۇمدىكى كىتاب قاچىلىۋالغان

خالتام يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ تېخى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. لېكىن بۇ چاغدا ماشىنا ئۆيۈم بار يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

※ ※ I ※ ※

شەھەر باشلىقى بولۇش ھەقىقەتەن راھەت ئىكەن. كۈندە ئەتىگەن شوپۇرۇم ئەكىلىپ قويىدۇ. ئىشخانىغا كىرسەم بۇدرە چاچلىق كاتىپىم ئۆز قولى بىلەن دەملىگەن قەھۋە بىلەن مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ۋاھ! ئۇنىڭدا بار قاش-كۆز، سەرۋى-قامەت ئايالىمدا بولسىدى... بۇنداق دېسەم مېنى ئىستىلىدا مەسىلە باركەن دېمەڭلار، بۇ پەقەت شۇ قىزنىڭ خالاس. خىزمەتكە كەلگەندە مەن شۇنچىلىك ئادىل، پاك ئەمەلدارمەن. شۇڭا مەيلى يولدا، مەيلى ئىدارە ئىچىدە بولسۇن نۇرغۇن كىشىلەر مېنى ھۆرمەتلىشىپ سالام قىلىشىدۇ. مەن بار-يوق يەرلەردە مېنى ھەقىقىي پاك دىيانەتلىك ئەمەلدار دەپ تەرىپلىشىدۇ. شۇڭا نەگە بارسام گېپىم ئاقىدۇ. مانا بۇ مەن ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش، مەن ئارزۇ قىلغان ھۆرمەت، شۇڭا شۇ تاپ ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلايمەن. تېخى بەزىدە بىزنى گۈزەل، چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بىكارلىق ساياھەت دەڭلار، لېكىن ئالماقنىڭ بەرمىكى بار،ئۇلار كەلسە مەنمۇ شۇنىڭغا لايىق كۈتۈۋېلىشىم كېرەك. مانا ‹غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى › دېگەندەك يۇقىرىدىن باشلىق كەلسە خۇشامەت قىلىمەن دەپ پايپاسلاپ كېتىمەن، لېكىن بۇمۇ خەلقىم ئۈچۈن.

ئۇ كۈنى يەنە يۇقىرىدىن تەكشۈرگىلى كېلىپ يىللىق

خىزمەتلىرىمىزنى ئۆتكۈزىۋالدى. ھەممە ئىشلار جايىدا ئىدى. لېكىن تەكشۈرگۈچىلىرىمىز يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇلار بىلەن كەچلىك تاماقتا بىرگە بولۇپ، ‹كۆڭۈل› لەرنى كۆتۈرۈۋېرىپ ئۆيگە قانداق قايتىپ كەلگىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم. ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرسام كاتىپىم تېلېفون قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئىدارىمىزدە بۈگۈن سەھەر ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇدەك. مېڭەم پىرىردە قىلىپ كەتتى. مەيلى ياخشى ئىش بولسۇن ياكى يامان ئىش بولسۇن، تەكشۈرۈش كەتكەندىن كېيىن چىقسا بولمامدۇ دەيمەن! ئىدارىگە بېرىش يولىدا كاتىپىم تېلېفون ئارقىلىق بىر قىسىم ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ ئۇلگۈردى.

ئەتىگەن سەھەردە تازلىق ئىشچىسى ئايال ئىدارىمىزنىڭ ئارقا گۈللۈكى ئوتتۇرسىدىكى چىغىر يولنى تازىلاۋېتىپ گۈللۈك ئىچىدىكى بوش جايدا ئاجايىپ ئىزلارنى ۋە مەلۇم بىر نەرسىلەرنى بايقاپتۇدەك. ‹ ياخشى ئىش بوسوغىدىن چىققۇچە يامان ئىش تاغ ئاتلاپتۇ› دەپ بۇ خەۋەرنى مەن ئۇقماي تۇرۇپلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. ئەتىگەندىلا ئىدارە ئالدىنى ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى، تاشقى ئالەم ھەۋەسكارلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. مېنىڭ ئىزلىرىم بولسىمۇ بۇنچە كۆپ ئادەم كەلمەس دەپ ئويلايمەن.

بىز يېتىپ بارغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. بىز مۇخبىرلارنىڭ ھەرقانداق سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىپ كىرىپ كەتتۇق. ئەلۋەتتە مەن شەھەر باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشلارنى تىز

سۈرئەتتە ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىپادە بىلدۈرۈپ قويغانمۇ بولدۇم.

نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگىنىمدە گۈللۈك ئەتراپى دائىرىگە ئېلىنىپ بىر توپ تېخنىك خادىملار، ساقچىلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بېرىپ قارىسام بىرمۇنچە كىچىك ئىزلار بىلەن بىر نەرسە تۇرۇپتۇ. قاراپلا كۆلگۈم كېلىپ كەتتى. ‹پەقەت شۇ بىر نىجاسەتكەنغۇ؟› دېگۈم كەلدىيۇ ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم. مەن بەكلا دۆت بولسام كېرەك، بەلكىم بۇ راستىنلا بىر مۆجىزىدۇر، شۇڭا باشقىلارنىڭ مېنىڭ بىلىمسىزلىكىمنى مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپ ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە،ئۇنداق ئاددىي ئىش بولىدىغان بولسا ئۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ يۈرمەيتى. بەلكىم مەن بەك ئاددىي ئويلاپ قويغاندىمەن.شۇڭا ئۆزۈمنى چاندۇرماي بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغانلىقىم ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان ئۈمىدىم ۋە ياردەمدە بولىدىغانلىقىم ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

تۇنجى قەدەملىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا تەكشۈرگۈچىلەر ئۇ جايدا ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە ئىزنىلا بايقاپتۇ. لېكىن مەسىلە دەل مۇشۇ ئىزلاردا بولۇپ، شەكلى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. سىرلىق يېرى بىر پۇتتا يەتتە تال بارماق بار ئىكەن. ئىز چوڭقۇرلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئېغىرلىقى 7-6 ياشلاردىكى كىچىك باللاردەك كېلىشى مۇمكىن ئىكەن. لېكىن ئىزلار ناھايىتى كۆپ ۋە قالايمىقان بولغاچقا ئۇ مەخلۇقنىڭ زادى نەچچە پۇتى بارلىقىنى ئېنىقلاش تەس بولۇپتۇ. ھېلىقى نەرسىنىڭ شەكلى مۇنارغا ئوخشىغاچقا «مۇنارچاق» دەپ چىرايلىق ئات قويىۋاپتۇ. بۇ ئىشنى زادى كىمنىڭ

سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن،ئۇلار ئىدارىمىزدىكى بارلىق كۆزەتكۈچلەرنىڭ بۇ بىر قانچە كۈن ھەتتا مۇھىم ئورۇنلارنىڭ بىر قانچە ھەپتىلىك خاتىرىلەنگەن كۆرۈنۈشلىرىنى تەكشۈرۈشتى، لېكىن نەس باسقاندەك دەل مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇ جايغا قويۇلغان كۆزەتكۈچ قىيسىپ قالغانلىقتىن پەقەت بىنانىڭ تۈۋىدىن ئۆتكەنلەرنىلا كۆرگىلى بولۇپ، بىنانىڭ ئارقىسىدىكىلەرنى كۆرگىلى بولمىدى. يەنە كېلىپ شۇ جايغا يېقىن جايدىكى بىر قانچە كۆزەتكۈچلەرمۇ دەل شۇ ئىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بۇزۇلۇپ قېلىپ تېخى رېمونت قىلىنمىغان ئىكەن. توۋا، شۇنداق تەرەققىي قىلغان شەھىرىمىزنىڭ مەركىزىدىكى ھەيۋەتلىك ئىدارىمىزدە بۇنداق ئىش يۈز بەردى دىسە!؟

شۇ ئىشلاردىن كېيىن ھەممە ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ كۈنى بىنانىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ھەممە كىشى گۇمانلىق ئىدى. ھەتتا مەن، تۈنۈگۈنكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى بىر قىسىم ئەزالارمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە ھېچ كىشى سۆز قىلىپ بىزدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ياكى باشقا كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەنسىرەشتۇق. ناۋادا بۇ ئىش ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ھەممىمىزگە سەت بولاتتى. چۈنكى بىز ئۇ ئىشنى ئادەم زاتى قىلغان دەپ پەرەز قىلىشاتتۇق، لېكىن ئوتتۇرىغا قويالمايتتۇق. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئۆز ئابرويىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتە. مەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم، ناۋادا بۇ ئىش ياخشى ھەل قىلىنمىسا مەن بۇ ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن خەلقىمنىڭ ئاھانىتىگە قالاتتىم.

※ ※ I ※ ※

شۇنداق چارچاپ كەتكەنىدىم. شۇ تاپ بەدىنىم سەل توڭلىغاندەك بولدۇم. مەن سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ چاپىنىمنى تاپتىم ۋە ئۇستۇمگە يېپىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن.

※ ※ I ※ ※

تەكشۈرۈش شۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا. پۈتۈن شەھەر ئەھلى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى.قوشنا شەھەر رەھبەرلىرى مەندىن توختىماي بۇ ھەقتە ئەھۋال سوراپ تۇردى. شۇ تاپ زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ شۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. مىسالى تازلىق ئىشچىسىمۇ ھەممە يەرنى سۈپۈرۈپ ئۇ يەرنى قويۇپ قويغىچە، يا ھەممىنى سۈپۈرمەپتۇ. يا بولمىسا سۈپۈرمەيلا قويماپتۇ، ھېچ بولمىغاندا بۇ «مۆجىزىكار»مەخلۇقنىڭ قاياقتىن كېلىپ قاياققا كەتكىنىنى بولسىمۇ بىلگەن بولاتتۇق. ئەمدى بۇ ئىشلار سىرلىقلىشىپ كەتتى.

ئەجىبا ئۇ ئۇچۇپ چۈشكەنمىدۇ؟ ئۇ راستىنلا غەلىتە مەخلۇقمىدۇ؟ ئۇ راستىنلا تاشقى پىلانىت ئادىمىمىدۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەندۇ؟... قىزىققاق خەلقىمنىڭ بۇ سوئاللىرى ئۆزلىرىگە ساراسىمە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.

چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇ نەرسىنىڭ تەركىبىدە ئىنسانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنىڭ تەركىبلىرى بار بولۇپ، بۇ مەخلۇقنىڭ ياشاش مۇھىتىنىڭ بىزگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەرمىش. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ تاشقى پىلانىت ئادىمى ياكى

بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بىرەر مەخلۇق بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ناۋادا ئۇ تاشقى پىلانىت ئادىمى بولسا، بۇ بىر خۇشاللىنارلىق ھادىسە بولۇپ، تاشقى پىلانىتلار ئارىسىدىمۇ ياشاش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھاياتلىق شارى بولۇش ئىمكانىيىتى بارمىش.

ناۋادا ئۇ بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن مەخلۇق بولسا ئۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا يىمەكلىك ئوخشاشلىقى بولغاچقا ئوزۇقلۇق زەنجىرىدىن مەسىلە كۆرۈلەرمىش. بۇ ئىش ماڭا بارغانچە مەنىسىز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن تەتقىقاتچىلار ئۇچۇن ئۇلارنى زېرىكتۈرمەيدىغان ياخشى ئىش ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئىدارىمىز ئەتراپىدىكى يەرلەردە تۇرۇپ-تۇرۇپ توك توختاپ قالغاندىن سىرت ھېچقانداق ھادىسە يۈز بەرمىدى. مانا ساق ئۈچ ھەپتە تېپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى، ھېچ بىر يېڭى ئىلگىرلەش بولمىدى، شۇڭا ھەممە بارا-بارا قايتىپ كېتىپ ھەتتا بۇ ئىشلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ ،ئەمدى مەنمۇ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارمىسام بولمايتتى.

بۇ قېتىم بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىشخانىدىكى كىرىسلوغا يۆلىنىپ بايا يېپىۋالغان چاپىنىمنى ئۈستىگىرەك تارتىپ قويۇپ، ئۇيقۇمنى داۋاملاشتۇردۇم.

※ ※ Ⅰ ※ ※

بىر ئاي بولۇپ قالدى، ھەممە ئىشلار ئۇنتۇلدى، شەھىرىمىز يەنە

ئىزىغا چۈشتى. ئەتىگەن قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ يەنە ئۆز ھايات قايناملىرىمىزغا چۆكۈشكە باشلىدۇق. مەنمۇ ھەم ھەر كۈنى ئاشۇ سىرلىق جايغا يېقىنلا يەردىكى ئىشخانامدا ئولتۇرىمەن، بەزىدە تېخى قونۇپمۇ قالىمەن، لېكىن نە بىر «ھاياتلىق شارى ئەلچىسى»، نە بىر مەخلۇق كۆرمىدىم. بۇ قېتىمقى ۋەقە شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا خېلىلا تەسىر كۆرسەتكەندى. بۇ ئىشلارغا زادى كىم سەۋەپچى؟ ئاتالمىش «مەخلۇق»مۇ؟«ھاياتلىق شارى ئەلچىسى» مۇ؟مەيلى كىم بولسۇن ئۇ ھازىر يوق. شۇنچە چوڭ ئىشنى تېرىپ قويغان بۇ نوچى بەلكىم بۇ چاغدا ئۆيىگە قايتىپ، يەر شارىغا تېرىغان بۇ قىزىقچىلىقلىرىنى نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندۇ ۋە بەلكىم ئۇ بىر مەخلۇق بولسا،ئىنسانلارنىڭ يىمەكلىكى زىيان قىلىپ بىرەر بۇلۇڭدا ئۆلۈپ قالغاندۇ،لېكىن نادان خەلقىم تېخىچە ئاشۇ سىرلىق جايغا بېرىشتىن،خىزمەتداشلىرىممۇ كەچ قېلىشتىن قورقاتتى،ئۇلارنىڭ دېيىشىچە غەلىتە مەخلۇق كېچىدە پەيدا بولارمىش.ئەمىسە نېمىشقا ھازىرغىچە پەيدا بولمايدۇ؟

※ ※ I ※ ※

خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتىم،يول بويىدىكى بىكارچىلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.ئۇلار مېنى تونىمىدىمۇ ياكى قەستەن مەسخىرە قىلدىمۇ بىلمىدىم،ئىشقىلىپ ئۆزۈممۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم.

_ھەي باللار،ھەي،ھېلىقى تاشقى پلانىتتىن كەلگەن ئاداش تازىمۇ قىززىقچى ئىكەن،قاراپ تۇرۇپ شەھەر باشلىقىمىز بىر قوللۇق

سالدۇرغان بەھەيۋەت بىنانىڭ ئارقىسىغا ھاجەتخانا سېلىشۇالغىنىنى، تازىمۇ ھالى چوڭ ئوخشايدۇ بۇ ئاداشنىڭ!ھا ھا ھا...

_ھەي نەدە بىر تومپاي ئوخشايدۇ،يالاڭئاياق كەپتۇ...

_ھەي باللار ،تاشقى پلانت ئادىمىمۇ نومۇسچان ئوخشايدۇ،ئادەم كۆرمەيدىغان گۇللۈكنىڭ ئىچىگە چۈشكىنىگە قارىغاندا...

_ھا ھا ھا... ھامىنى كەلگەندىكىن بىنانىڭ ئۈستىگىلا قىلمامدۇ؟

_ھەي باللار، ئۇنى دېدۇق،بۇنى دېدۇق،قايسىڭلار ئۇنىڭدەك شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە شۇنداق قىلىشقا پېتىنالايسىلەر؟

ـ قاراڭلار باللار،خۇشال بولايلى ،شەھىرىمىز ئەزىز مېھمانغا ھاجەتخانا بولۇشقا بولسىمۇ ياراپتۇ،_دېدى بىرى تەنە بىلەن.

ناھايتى ئاچچىقىم كەلدى،لېكىن ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.مەيلى ئۇ قانچە قورقۇنۇچلۇق مەخلۇق بولمىسۇن ئۇنى بىر كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.بۇگۈن ئىدارىدە باشقا ئىش بولمىغاچقا ھەممەيلەننى بالدۇرلا قايتىشقا بۇيرۇپ قويۇپ،ئىشخانامدا يالغۇز ئولتۇردۇم.بۇگۈن ئۇنى تۇتمىسام،ھېچ بولمىغاندا كۆرۈۋالمىسام بولمايتتى.چۈنكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ ھە دېسىلا ئىش چىقارغىلى تۇرغان ئىدى،بۇنداق كېتىۋەرسە شەھىرىمىزگە ئاپەت بولاتتى.

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا مەن نەق مەيدانغا كەلدىم،كېلىپلا ھەيران قالدىم،ئۇ يەردە بىر كىچىك بالا ئويناۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پۇت بارماقلىرىنى كۆرۈپ بېقىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.مەن ئىختىيارسىز يۈگرەپ بېرىپ بالىنى تۇتىۋالدىم ـ دە پۇتىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقتىم. بىر،ئىككى...بەش.قايتا ـ قايتا ساندىم،پەقەت

بەشلا،يەنىلا بەش!!...

بالا قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى،لېكىن بۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى،مەن نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتىم.دىققىتىمنى يىغىپ بېشىمنى كۆتۈرسەم ئالدىمدا بىر بوۋاي تىزلىنىپ تۇرۇپ قار يامغۇر يىغلاۋاتاتتى،كىچىك بالا بولسا قورققىنىدىن يىغلىيالماي قالغانىدى.ئەتراپتا نۇرغۇن كىشى ماڭا قۇرقۇمسىراپ قاراپ تۇراتتى. قولۇمغا قارىدىم،توۋا،مەن بالىنى بىر پۇتىدىنلا ساڭگىلىتىپ بالىنىڭ بېشىنى يەرگە قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان ئىدىم،بالىنى قويۇۋەتتىم،بالىنىڭ بەدىنى يەرگە تەگمەستىنلا بوۋاي بالىنى قۇچاقلىغىچە يىغلاپ، ئاللا-توۋا ئېيتىپ كېتىپ قالدى.كىشىلەر يەنىلا ماڭا يىرگىنچلىك نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى.ھېچكىممۇ ماڭا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى.ئەتراپىمدىكى ئىزلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، بەزىلىرى يەتتە بارماقلىق،بەزىلىرى سەككىز ھەتتا ئون بارماقلىق ئىدى.تازىمۇ قىززىق،بۇ ئېنىقلا بىر كىچىك بالىنىڭ ئوينىشىغۇ؟ ئەتراپتىكىلەر مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىم ۋە چىراي ئىپادەمگە سىرلىق تىكىلىپ تۇراتتى،ئۇلار مېنىڭ پۇتۇمغا قاراشتى،مەن ئۇلارغا بولغان نەپرىتىم بىلەن پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا كۆرسەتتىم.

_ ئاھ خۇدا!نىمە كارامەت بۇ؟!_پۇتۇمغا قاراپ ۋارقىراپ كەتتىم، قورققىنىمدىن جايىمدائولتۇرۇپلا قالدىم، پۇتۇمدا ئەتىگەن كىيگەن ‹تىمساھ › ماركىلىق ئايىغىممۇ يوق،بىر پۇتۇمدا يەتتىدىن بارماق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇتۇم كىچىكلەپ بايىقى بالا دەسسەپ چىقارغان ئىزلارغا ئوخشاش ئىز چىقاتتى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ئۆزۈمنى ئاقلاش كار قىلمايدۇ،تاغدەك ئىسپات بار تۇرسا، قاچايمۇ؟لېكىن نەگە

قاچىمەن ،قانداق قاچىمەن؟بىر توپ قورالىلىق كىشلەر مېنى تۇتىۋېلىشتى ۋە ئاپىرىپ چوڭ بىر تەجرىبخانىغا سولاپ قويدى. ۋارقىراپ -جارقىراپ باقتىم،لېكىن ئامال بولمىدى،ئاۋازىم سىرتقا چىقمايتتى.ئۇ يەردە بىر توپ ئاق كېيىملىك كىشلەر قوللىرىدا يوغان پىچاقلىرىنى تۇتۇپ سوغۇق كۈلگىنىچە ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ ، بارماقلىرىمنى بىر- بىرلەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى.مەن شۇنچىلىك تىركەشكەن بولساممۇ لېكىن مىدىرلىيالمىدىم.ئاخىرى سىلاشتۇرۇپ تۇرۇپ نەدىن تاپتىم بىر قورال قولۇمغا چىقىپ قالدى.

_يېقىن كېلىشمە !...يېقىن كېلىشمە !....بولمىسا ھەممىڭنى....يېقىن كېلىشمە !...مەن قورالىمنى ئۇلاغا تەڭلەپ ۋارقىرايتتىم،لېكىن ئۇلارغا تەسىر قىلغاندەك ئەمەس،ئۇلار خۇددى ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغاندەك بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشۇپ، داۋاملىق يېقىنلاپ كېلىۋەردى ،بىرى مېنى تونۇۋالدى .

- ياق !!.......

ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم،جىددىيلىشىپ پۇتۇمغا قارىدىم.بارماقلىرىمنى قايتا- قايتا ساناپ چىقتىم.ئۇھ.... !ھەر نىمە بولسا بەش ئىكەن .قىنىق قىزىل ناجۇ خىنە قويۇلغان تىرناقلىرىم مېنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىمگە،ھەرگىزمۇ يەتتە بارماقلىق شەھەر باشلىقى ئەمەسلىكىمگە ئىسپات بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ كۆزۈمگە تازا ئىشەنمەي ئەتراپقا قارىدىم. يۆلىنىپ ئۇخلىغىنىم كىرىسلو ئەمەس سوغوق تام، ئۇستۇمگە ياپقىنىم پەلتو ئەمەس كالتىلا بىر

چاپان ،قولۇمدىكى قورال بولماستىن تېلۋىزورنىڭ تىزگىنىكى ئىدى.ئەتراپىمدا ئاق خالاتلىق ئالۋاستىلار ئەمەس مېھرىبان موماملىرىم بىلەن ئوماق ئىنىم پۇشۇلداپ قېنىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.چىراغ يېنىقلىق، تېلېۋىزور تېخى ئوچۇق بولۇپ ئالللقانداق بىر فىلىملەر چىقىۋاتاتتى.بۇ شاتلىقىمدا يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدىم .ھەر نىمە بولسا بۇ چۈشۈم ئىكەن .

شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپلا پۇتۇمغا قارايدىغان، بارماقلىرىمنى سانايدىغان بولۇپ قالدىم .قارىغاندا بۇ ئىشلار ماڭا خېلىلا تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ .

ئاپتور:شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جوغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى فاكۇلتېتى 2012-يىللىق ئوقۇغۇچىسى ھەننىخېنىم نۇر.

ئالى مەكتەپ ۋە پىراكتىكا تەسىراتلىرى

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر.ۋاقىت شامالدەك تېز ئۆتمەكتە، بۈگۈن يېڭى ئوقۇغۇچى بولۇپ يۈرگەن بولسىڭىز، ئەتىسىلا ئۆزىڭىز بىلىپ بىلمەيلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەت تېپىش غېمىدە گاڭگىراپ يۈرگەن بىرسىگە ئايلىنىپ قالسىز، 4 يىللىق ھاياتىڭىزدىن خۇلاسە چىقارغىنىڭىزدا، بەلكىم رازىمەنلىك بىلەن ئارقىڭىزغا كۈلۈپ بېقىشىڭىز مۇمكىن ۋە بەلكىم ھەسرەت ۋە نادامەت ئىچىدە ئېغىر تىنىپ قالارسىز. مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ۋاقىتنىڭ ئارقىغا يانماسلىقى سىزگىمۇ ئايان بولغان مەڭگۈلۈك ھەقىقەت. بىز ئوستروۋسكىينىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دىگەن ئەسەردىن ھاياتنى

قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قىلىنغان چوڭقۇر مەنىلىك خىتابنى ئوقۇپ كەلدۇق، ئەمما قانچىلىك ئادەمنىڭ ھاياتنى پۇشايمانسىز، مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئالىي مەكتەپ ھاياتى، راستىنى ئېيتقاندا بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ يادرولۇق قىسمى، بۇ باسقۇچلۇق ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىز ئەلۋەتتە بىزنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىمىزغا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاكا-ئاچىلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىدىن شەكىللەنگەن ئىبرەتلىك تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى، قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پىشقان كۆز قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئەزىزىمىز قولىرىمىز بىلەن قەلەمگە ئېلىپ، كەلگۈسى قېرىنداشلارغا ئاز تولا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ۋاقىت ۋە چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلى ھەممىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ بولالمىدۇق. بۇ يەردە باشقىلارنىڭمۇ قىممەتلىك تەجرىبىللىرى ۋە ئىبرەتلىك كەچۈرمىشلىرى بار ئەلۋەتتە.

تۆنجى قېتىملىق سۆھبىتىمىز شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدىن ئابلىتىپ، خىمىيە فاكۇلتېتىدىن قۇربانجان، تارىخ فاكۇلتېتىدىن مەمتىمىن، چەتئەل تىللىرى فاكۇلتېتىدىن توختىگۈل، نۇر ئامىنە قاتارلىق ئاكا-ئاچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

1. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يېقىندىلا پىراكتىكا قىلىپ قايتىپ كەلدىڭىز، بۇ جەرياندىكى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ۋە يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىڭىزنى ئورتاقلاشساق بولامدۇ؟

مەمتىمىن: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، بولىدۇ. ھەقىقەتەن بۇ قېتىملىق پىراكتىكا مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق چېنىقىش پۇرسىتى بولدى، بۇ جەرياندا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ۋە تەسىراتلىرىمىمۇ ئاز ئەمەس ئەلۋەتتە.

يېڭى شەيئىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ئومۇملىشىشى تېز بولىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ تەسىرىدە ئۆسمۈرلىرىمىز ئارىسىدا تېلېفون ئىشلىتىش، چ چ ، ئۈندىدار قاتارلىقلار ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ، بەك ئەپسۇس، بۇ نەرسىلەر باللىرىمىزنىڭ

قەتلىك ۋاقتىنى، پاك ئەقلىنى، بىغۇبار قەلبىنى،ئوتلۇق قىزىقىشلىرىنى يالماپ كېتىۋېتىپتۇ.بۇ مېنىڭچە ھەل قىلىش مۇھىم ئەمما قىيىن بىر مەسىلە بولسا كېرەك.شۇڭا بىز باللارنى ئاشۇ تېلىفون قويىندىن تارتىپ ئەكىلەلەيدىغان قىزىقارلىق،ئۆزگىچە دەرس ئۆتۈش مىتودى يېتىلدۈرمىسەك قەتئىي بولمىغۇدەك.باشقا تەسىراتلىرىمنى قىسقىچە خۇلاسىلىسەم:

بىرىنچىدىن، دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ھېس قىلغىنىم مەيلى قايسى كەسپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كەسپي بىلىم پۇختا بولمىسا بولمايدىكەن، ئوقۇتقۇچى دىگەن گەپ ئادەمگە بىلىم بېرىدۇ دېگەن گەپ، كەسپي بىلىم ياخشى بولمىسا نېمىنى بەرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن ،ھازىر نۇرغۇن زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىللىرى مەكتەپلەرگىمۇ كەڭ ئومۇملىشىۋېتىپتۇ،مەكتەپتىكى نۇرغۇن خىزمەتلەر مۇئەييەن كومپيۇتېر بىلىمى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىكەن،شۇڭا مېنىڭچە كومپيۇتېر ئاساسىي بىلىملىرىگە پىششىق بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ئابلىتىپ: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام،ئەلۋەتتە بولىدۇ. پراكتىكا قىلىش پۈتۈنلەي خىزمەت قىلغانغا تەڭ دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭدىن كۆپ تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇم، خىزمەتنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدىمۇ كۆڭلۈمدە ئاز-تولا سان بولدى.يولۇققان مەسىلىلەرگە كەلسەك،دەرس قوش تىلدا ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا ئانا تىلدا بەزى كەسپي ئاتالغۇ ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە سەل قىينالدىم، لېكىن بۇلارنى كېيىنچە ئاستا-ئاستا ھەل قىلىپ كەتتىم.ئۇندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقاشمۇ مەلۇم پىسخىكا بىلىمى،ئۆتكۈر نەزەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

توختىگۈل: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام،بۇ جەھەتتە راستىنلا جىق ئىشنى بىلىۋالدىم، مېنىڭ ھېس قىلغىنىم، پراكتىكا جەريانىدا خىزمەتداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشمۇ قىيىن بىر مەسىلە ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالىسىڭىز ھەر جەھەتتىن سىزگە پايدىلىق بولىدىكەن.ئۇندىن باشقا، جىمغۇر،كۆپچىلىكتىن

ئايرىلىپ قالغان بالىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك ئىكەن.

ئوقۇغۇچىلارغا بېرىنچى تەسىرنى ياخشى قالدۇرۇشمۇ مۇھىم ئىكەن، بۇ جەھەتتە چوقۇم يۈرۈش تۇرۇشقا، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىگە، دەرسنى قىزىقارلىق ئۆتۈشكە سەل قارىسا بولمايدىكەن. بولۇپمۇ بىز قىزلار جانلىق بولمىساق دەرسخانا كەيپىياتىنى تەڭشىمەك تولىمۇ مۇشكۈل بولىدىكەن. ھازىرقى بالىلارنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزگە ئايان.

قۇربانجان: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، نېمە دىسەم بولار. بۇ توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم جىق. مەن ھەپتىسىگە 12 سائەت دەرس ئۆتتۈم. راستىنى دىسەم، بۇ يەردە ئۆگەنگەن مىتود ئۇ يەرگە تازا ماس كېلىپ كەتمەيدىكەن، بىز ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلار چوقۇم رايونىمىز بالىلىرىنىڭ پىسخىكىسىغا ماس كېلىدىغان، ئۆزىمىزگە خاس مىتود يېتىلدۈرمىسەك بولمايدىكەن، مەن بۇ جەرياندا ئۆزۈمنى خېلى ئىسلاھ قىلدىم. مەندىكى يەنە بىر تەسىرات شۇ بولدىكى، ھازىرقى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى، سەۋىيىسى مەن ئويلىغاندىن كۆپ تۆۋەن ئىكەن، قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىچ-ئىچىدىن قىزىقىشىنى قوزغاش، نېمە ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنى تونۇتۇشىمۇ قىيىن مەسىلە ئىكەن. بىچارە بالىلىرىمىز گويا ئوقۇشتىن زېرىكىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئاتا ئانىلارمۇ بالىسىنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىرى بالامنى پۇرسەت بولسىلا مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالسام دەپ تۇرىدىكەن. مېنىڭچە بۇ مائارىپىمىزنىڭ پاجىئەسى بولسا كېرەك. يەنە بىرسى جەنۇپتىكى بەزى رايونلاردا «نۇقتىلىق سىنىپ» تۈزۈمى ساقلانغان، ياخشى بالىلار بىر ئىككى سىنىپقا مەركەزلىشىپ قېلىقلىق ئىكەن، باشقا سىنىپتىكى بالىلار بىز بەربىر ئوقۇساقمۇ پايدىسى يوق، ئۆگىنىش دىگەن نۇقتىلىق سىنىپ بالىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قارايدىغانلار كۆپرەك. مائارىپىمىز بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا كېرەك.

2. دەرسخانىدا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا قانداق مەسىلىلەرگە يولۇقتىڭىز؟ بەلكىم قوش

تىل مەسىلىسىمۇ مۇھىم مەسىلە بولسا كېرەك، بۇ جەھەتتىكى تونۇش ۋە يەكۈنلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

مەمتىمىن: دەرسخانىدا كۆپىنچە باللارنىڭ قىزغىنلىقى بەك سۇس، ئىنتىزامى سەل ياخشى ئەمەس، ياخشى تەشكىللەش ئىقتىدارى بولمىغاندا دەرسنى ياخشى ئۆتۈشتىن سۆز ئېچىش تەس ئىكەن.

قوش تىل مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەي... نىمە دىسەم بولار. دەرس قوش تىلدا بولغاچقا، كەسپىي ئۇقۇملارنى ئانا تىلدا ئىپادىلەشكە ماھىر بولمىسا بولمايدىكەن، چۈنكى ئاشۇ قارا كۆزلەرگە بەزى ئاچقۇچلۇق بىلىملەرنى پەقەت ئانا تىلدىلا ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەندىكى ساۋاقداشلار ئانا تىلغا قاتتىق پىششىق بولمىسا بولمايدىكەن. ھازىر مۇنداق بىر ئەھۋال مەۋجۇت، ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان باللارنىڭ ئاساسەن دىگۈدەك ئانا تىلدىكى كەسپىي ئۇقۇملارغا بولغان سەۋىيىسى ئاجىز، تەييارلىق ئوقۇپ كەلگەن باللارنىڭ خەنزۇ تىلدىكى كەسپىي ئاساسى ئاجىز، شۇڭا بۇ يەردە بەك چوڭ ئۈمىدسىم، قېرىنداشلىرىمىز ئۆزى ئاجىز تەرەپنى كۈچەپ تولۇقلىسا دەيمەن.

قۇربانجان: مەن ئالتە سائەت قوش تىللىق سىنىپ باللىرىغا، ئالتە سائەت مىللىي سىنىپ باللىرىغا دەرس بېرىدىم، راستىنى دىسەم ئانا تىلدا خىمىيەدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە قىينالغان بولسامۇ، يەنىلا ئانا تىلدا ئوقۇيدىغان باللارغا چۈشەندۈرۈشۈم ئاسانغا توختىدى، قوش تىلدىكى باللارنىڭ ئىنكاسى سەل ئاستا بوپ قالىدىكەن. شۇنى تونۇپ يەتتىمكى، يەنىلا ئانىمىزنىڭ تىلى بىزگە ئەڭ ئاسان سىڭىدىكەن.

ئۇندىن باشقا دەرسخانىدا ۋاقىتنى كونترول قىلىش تولىمۇ مۇھىم ، بۇ ھەممىمىزگە ئايان. ھازىر بارغانسىرى ئوقۇتقۇچى ئىمكان بار ئاز سۆزلەش، ئوقۇغۇچىغا كۆپلەپ سۆزلەش پۇرسىتى بېرىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا دەرس تەييارلىقى قىلغاندا سۆزلەش ۋاقتى ۋە دەرس مەزمۇنىنى ياخشى پىلانلاش كېرەككەن.

ئابلېتىپ : دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلاربىلەن بىللە كىرىپ ئۇلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدۇق، كېيىن دەرسىمۇ ئۆتتۇق،ئۆسمۈرلىمىزنىڭ دەرسخانىدىكى كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەرگە بولغان قىزىقىشى تۆۋەنرەك،قىز ئوقۇغۇچىلارفىزىكا، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەردە ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدىكەن.ھازىر ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، ئۇلارغا ئۈمىد ۋە تەسەللىي ئاتا قىلىش تولىمۇ مۇھىم.يەنە بىرى ئوقۇتقۇچىلاردىكى ساپا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۈپەيلى بولسا كېرەك قوش تىللىق سىنىپ باللىرى بىلەن ئادەتتىكى سىنىپ باللىرى ئارىسىدا پەرق زور ئىكەن،قوش تىل مائارىپىمۇ دەيدىكەنمىز،ئەمما دەرسلىك خەنزۇچە ئىكەن، بىلمىدىم بۇ قوش تىلمۇ ياكى بىر تىللىششىمۇ.كەسپىي سەۋىيە جەھەتتە چوڭ مەسىلە يوق،ئەمما ئالىي مەكتەپتىكى بىلىملەرنىڭ قوللىنىلىشى سەل ئازراق، ئەمما ئۇ بىلىملەر بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

توختىگۈل :بايا ئېيتقىنىمدەك دەرسخانىدا تۈنجى تەسىرنى ياخشى بەرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى ئوقۇتقۇچىغا بولغان قىزىقىشىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى يېتەكلەپ ماڭغىلى بولىدىكەن.دەرسخانىدا ۋاقىتنى كونترول قىلىش مەسىلىسىمۇ مۇھىم ئىكەن ئەلۋەتتە.يەنە ھېس قىلغىنىم، دەرس ئۆتۈش مېتودىمىزنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەككەن. دەرسنى قىزىقارلىق،مەنىلىك ئۆتۈپ بەرسە ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىنى قالايمىقانلاشتۇرمايدىكەن، بىر ئورۇندا تۇرىۋالماستىن ھەرىكەتچان ئۆتسە ياخشى ئىكەن، ئۇندىن باشقا تاپشۇرۇقنى نورمال بېرىش، باھانى ئەستايىدىل يېزىش،ھەر قېتىمدا قېلىپلاشقان سۆزلەرنىلا يازماستىن، ئۆزگىچە يېزىشىمۇ مۇھىم ئىكەن.بىر ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن ھەممىنى باراۋەر كۆرۈش،باللار بىلەن سۆھبەتلىشىپ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش،ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇشىمۇ سەل قارىسا بولمايدىغان ئىش ئىكەن.

نۇر ئامىنە :مەن دەرسخانىدا يولۇققان مەسىلىلەر كۆپ، بۇلاردىن ھېس قىلغانلىرىممۇ كۆپ،بۇ يەردە بەزىللىرىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىپ باقاي،دەرس سۆزلەۋاتقاندا بىر قىسىم

ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئارا پاراڭ سېلىپ دەرس ئىنتىزامىغا تەسىر يەتكۈزگەندە، چوقۇم تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىلمىي، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىرىش كېرەك ئىكەن.ھازىر ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق گەپ قىلىش، تەنقىدلەش سەلبىي تەسىرى زور بولسا كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەككەن.يەنە دىسەك، مىتود مەسىلىسى، دەرسنى قىزىقارلىق ئۆتۈشمۇ بىر ياخشى ماھارەت.

3.خىزمەت ئىشلىگىنىڭىز قانداق بولدى؟ خىزمەت ۋە پراكتىكا ئورنىنى تاللاشتا قايسى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەككەن؟

مەمتىمىن: مەن پراكتىكىنى يېڭىشەھەر ناھىيلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە قىلدىم،خىزمەتنىمۇ مۇشۇ مەكتەپتە قىلىدىغان بولدۇم. ھازىرغىچە بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە پراكتىكا ئورنىنى تاللاش ئىختىيارى بولۇپ كەلدى،بۇنىڭ ھەم پايدىلىق تەرىپى ھەم پايدىسىز تەرىپى بار.پايدىسى:خىزمەت تېپىش پۇرسىتى كۆپ بولىدىكەن، ئىمكانقەدەر ئۆزى خالىغان ئورۇندا خىزمەت تېپىشقا ئاسانلىق يارىتىلىدىكەن.زىيانلىق تەرىپى : ئەگەر بىز ئارزۇ قىلغان ئورۇن بىز ئوقۇغان كەسىپكە ئېھتىياجلىق بولمىسا ئادەم گاڭگىراپ قالىدىغان گەپ.ئەگەر مەكتەپ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرسا قەيەرنى تاللارمەن دەپ غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى يوقمىكىن دەيمەن. مېنىڭچىمۇ بىز ھەقسىز پىداگوگىكا ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇن تاللىغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىمىز خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان مەكتەپنى تاللىساق، بۇ بىزگە شۇ يەردە قېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، پراكتىكىغا مېڭىشتىن بۇرۇن مەكتەپتىن چوقۇم مۇناسىۋەتلىك تونۇشتۇرۇش خېتى ئېلىۋېلىش كېرەككەن.

ئابلېتىپ: بۇ سوئالنى ياخشى سوردىڭىز،مەن غۇلجا شەھەرلىك 8-ئوتتۇرىدا پراكتىكا قىلغان ئىدىم، ئاخىرى خىزمەت توختامىنىمۇ شۇ مەكتەپ بىلەن ئىمزالىدىم. ئورۇننى چوقۇم

ياخشى تاللاش كېرەك. ئەدىبە جەھەتتىن ياخشى تەييارلىق قىلىش، پراكتىكا جەريانىدىكى جاپالارنى ئالدىن مۆلچەرلەش كېرەككەن.

نۇر ئامىنە: شارائىت يار بەرسە، ئۆزى قىلىشنى ئويلاشقان مەكتەپنى تاللاش كېرەككەن، بۇنداق بولغاندا بىر تەرەپتىن، مۇشۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆز-ئارا تونۇشۇۋالغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن، كېيىنكى خىزمەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدىكەن.

4. ھازىر بەلكىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى يېزىۋاتقانسىز، بۇ جەرياندا ھېس قىلغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقامسىز؟

مەمتىمىن: ئەمدى ھەر ئادەمنىڭ ئۆز قىزىقىشى بولىدۇ، مەن ماقالە يېزىش جەريانىدا بىرى، ئۆزىنىڭ قىزىقىدىغان تېمىدىن بىرنى تاللاپ يېزىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، چۈنكى ئادەم ئۆزى قىزىققان دائىرىدە ئەڭ دادىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ، ھەم شۇ تېمىدا بىلىدىغىنىمۇ كۆپرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە 1-يىللىقتىن باشلاپلا ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەككەن، قىزىقىشنى بالدۇر بايقىغاندا قارىغۇلارچە ئۆگىنىشتىن، ئەسقاتمايدىغان مەزمۇنلارنى ئۆگىنىشتىن ساقلانغىلى بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەلۇم ساھەدە بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقىمۇ چوڭ پايدىسى بولىدۇ، قىزىقىشنى بىلمىگەن ئادەم بېسىم ئىچىدە ئۆگىنىدۇ، ئۆگىنىشتىن ھوزۇر ئالالمايدۇ.

قىزىقىدىغان تېمىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ، ئەتراپلىق ئىزدەنگەندە، ئانچە كۆچىمەي تۇرۇپمۇ ئىلمىي ماقالىنى ياخشى يېزىپ چىققىلى بولىدىكەن. لېكىن بەزىدە بىز قىزىققان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بەك كەمچىل بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئەھۋالغا قاراپ، ماتېرىيال مەنبەسى كەڭرى بولغان بەزى تېمىلارنى تاللاپ يازسىمۇ بولىدىكەن.

5. ئۆزىڭىزنىڭ تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭىزدىن خۇلاسە چىقارغىنىڭىزدا، سىزدىن

كېيىنكىلەرگە نېمىلەرنى دېگۈڭىز كېلىدۇ؟ بۇ جەھەتتىكى يۈرەك سۆزلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەمسىز؟

قۇربانجان: ھەي، بابا دېگەنلىرىم ھەممىسى يۈرەك سۆزلىرىم ئىدى، يۈرەك سۆزنى دېسەك تۈگىمەيدۇ، بوپتۇ ئاخىرىدا يەنە بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلاي. مېنىڭچە ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ھەر قانداق ئىنسان چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نىشان، غايىسىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك، نىشانسىز ئوقۇدۇم دەپ يۈرۈش بەك ئەخمەقانىلىق بولسا كېرەك. شۇڭا مېنىڭ باللاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، نىشان غايەڭلار ئېنىق بولسۇن. ئاندىن غايە ئۈچۈن تىرىشىڭلار. بەلكىم بەزىلەر ئۆز كەسپىگە پەقەت قىزىقماسلىقى مۇمكىن، مېنىڭچە بۇنداقلار چۈشكۈنلىشىپ كەتمەي، قىزىقىدىغان كەسپىڭلارغا ئالمىشىش يولىنى قىلىپ بېقىڭلار، كەسىپ ئالمىشىش قىلىپ باقمىغانلار ئۈچۈن بىر داۋان، قىلىپ باققانلار بىلىدۇ، ئادەم تىرىشسا بۇنىمۇ قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما مەيلى قانداق كەسىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەلنى چىڭ باغلاپ ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، قىزىقىشمۇ ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر خىتابىم بار، مەيلى دەرستە قانچىلىك ناچار بولايلى، ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ چىقىپ مېنى ئۆتكۈزۈپ قويساڭ دەپ يۈرمىسەك. ئىمتىھان نەتىجىسى ھەممىنى بەلگىلىمەيدۇ، نۆل ئالساق ئالايلىكى، چىن ئىنسانلىق شەرىپىمىزنى يوقىتىپ قويمايلى.

ئابلېتىپ : مېنىڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، كەسپىي بىلىمنى پۇختا ئۆگىنىڭلار، بىز ئاساسەن ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلار قورسىقىمىزدا ئۇماچ يوق مۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرسەك، ئوقۇغۇچىغا بىلىم بېرىدىغان بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئادا قىلىمىز. بۇ دېگەنلىكىم كەسپىي بىلىمنىلا ئۆگىنىش دېگەنلىك ئەمەس، قىزىقىدىغانلار كەسپىدىن سىرت جانغا ئەسقاتقۇدەك نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئامال بار ئۆزىدە ئارتۇقچىلىق ھازىرلاپ قويۇش كېرەك. ئارىمىزدا بۇ جەھەتتە قايىل قىلارلىق تىرىشىۋاتقانلارمۇ بار. نىشان ئېنىق بولسا، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئولتۇرماي كەسكىن تاللاش ئېلىپ بېرىش، قىزىققان ساھەدە كۈچەپ تىرىشىش. بولۇپمۇ

ئوغۇللار 72 تۈرلۈك ھۈنەرنى ئۆگىنەلمىسىمۇ، ئىشقىلىپ كۆپرەك ئۆگىنىپ قويمىسا بولمايدۇ.

مەمتىمىن: بولىدۇ، يۈرەك سۆز دەپ قالدىڭىز، يۈرىكىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ پىكىر بايان قىلاي. قېرىنداشلارغا خىتابىم شۇكى، ھازىردىن باشلاپ قىزىقىشنى بايقاپ،تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار! تىرىشىپ ئۆگىنىش دېسەك بەلكىم سەل مەۋھۇم بوپ قالغاندۇ،تەپسىلىيراق دېسەك، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇش كېرەك. قايسى تىلدا بولسۇن،ياخشى كىتابلارنى جىق ئوقۇغاندىلا ھەقىقى بىلىم ئېلىشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىلى بولىدۇ، ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆزۈمنىڭ كۆپلەپ كىتاب ئوقۇشۇمدىن كەلگەن.

ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشمۇ مۇھىم، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ،سۆزلەش،تەشكىللەش قابىلىيتىڭلارنى ئۆستۈرۈڭلار.بىر ئىشنى قىلاي دېگەندە ۋاقتىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەك. ھەرگىزمۇ ئەته دەپ ئۆزۈڭلارنى ئالدىماڭلار!مۇنۇ شېئىر سوۋغىتىم بولسۇن:

ئەتە ئەتە يەنە ئەتە،
نېمە دېگەن كۆپ بۇ ئەتە.
ئۆمرۈمدە كۈتسەم ئەتىنى،
ھەممە ئىش قالار كېيىندە.

ئۇندىن باشقا قارىغۇلارچە ئۆگەنمەڭلار،نېمىنى ئۆگىنىش، نېمىنى ئۆگەنمەسلىكنى ئايرىڭلاشتۇرىۋېلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ دەرسكە تولۇق قاتناشساملا ئۆگىنىش دېگەن شۇ دەپ قارىۋالماڭلار، بارلىق ئۇمىدنى دەرسخانىغا باغلاپ قويۇپ ئولتۇرماي، ئۆزۈڭلار كۆپلەپ ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدىنىڭلار. ۋە بۇ جەرياندا ئۆز كەسپىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار. بۇ ماتىرىياللار كېيىنكى خىزمەت ھاياتىدا بەك ئەسقاتىدۇ.

خەنزۇتىلىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ قويسام ئارتۇق كەتمەس،نەگە بارساق مۇشۇ تىل ئالدىغا بارىدىكەنمىز ھازىر،شۇڭا قەتئىي ياخشى ئۆگىنىپ بۇ جەھەتتە بويۇن

قىسسىپ قالماسلىق كېرەك،لېكىن شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى ھېچكىم ئانا تىلنى ئۇنتۇش بەدىلىگە ئۆگەنگەن تىل ئۇستىسىنى ھېچكىم قارشى ئالمايدۇ.

ھەي سۆزلىسەم ھاياجانلىنىپ قالىدىغان بولدۇم،ئەي ئوقۇتقۇچى بولغۇچىلار،شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى سىلەر باشقىلارنى ئەمەس. دەل ئۆز خەلقىڭلارنىڭ پەرزەنتىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىنى سىڭىللىرىنى تەربىيلەيسىلەر، شۇڭا سىلەردە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، يېتەرلىك ئەخلاقىي ساپا بولسۇن.پەزىلەتلىك،بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىڭلار،ھەرگىزمۇ ئۆز كەملىكىڭلاردىن ياتلاشماڭلار.رەھمەت.

ئاخىرىدا تۇنجى قېتىملىق سۆھبىتىمىزگە قاتنىشىپ، قىممەتلىك پىكىرلىرىڭلارنى بەرگىنىڭلارغا كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر. ھەممە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىغا بەرىكەت، ئامانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز. كېيىنكى قېتىملىق سۆھبىتىمىز ئاللاھ خالىسا سىلەر بىلەن تېخىمۇ مول مەزمۇندا يۈز كۆرۈشكۈسى!

2013 ـ يىلى ئۇمىد ئىبىنىڭ ھارپىسى (يەكشەنبە).

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارىخىي تىلشۇناسلىقتىكى ئىككى تۆھپىسى

____مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرلەيمىز*

穆罕穆德 • 喀什噶里在历史语言学上的两个贡献

بۇرابىيە،مىنەۋەر

چىن باۋ يا   بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىتى جوڭگو يېزىقى فاكۇلتىتى

[قىسقىچە بايان]: مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دېئالېكت ياكى تۇغقان تىللار ئارىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسىنى 19-ئەسىر تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ بالدۇر مۇھاكىمە قىلغان،شۇنداقلا قوش تىل ھادىسىسى ۋە قوش تىلنىڭ بىر- بىرىگە توسقۇنلۇق قىلىش ھادىسىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تىللارنىڭ ئۆچرىشىشىمۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان ، شۇڭلاشقا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسىنى سۆزلەرنىڭ مەنبەداشلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلمىغان.ئۇ (م.كاشغەرىي)مەنبەداشلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مەدەنىيەت ۋە مىللەت جەھەتتىكى ئىسپاتلارغا تايانغان.

[ئاچقۇچلۇق سۆزلەر]:تۈركىي تىللار دىۋانى؛سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق؛تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى

ھۆججەت بەلگە نومۇرى H0 جوڭگو كىتاب تۈرگە ئايرىش نومۇرى :A

ماقالە نومۇرى:02-0142- (2006) 2820-1000

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى بولسا تارىخي سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بىر زۆرۈر شەرتى،شۇنداقلا 19-ئەسىر تارىخي سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇل تېشى،لېكىن تىلشۇناسلار بۇ نۇقتىنى بەك كېچىكىپ تونۇپ يەتتى.18-ئەسىردە ياۋروپالىق ئالىم جونىس ھىندىستانغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا سانسكرىت تىلىدىكى پېئىللارنىڭ سۆز يىلتىزى ۋە گراماتىكىلىق شەكلىنىڭ گرېك تىلى ۋە لاتىن تىللىرىدىكىگە ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ ئۇلارنى ئوخشاش بىر مەنبەدىن چىققان دەپ بېكىتتى. ئەينى ۋاقىتتا جونىس تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسىنى مۇھاكىمە قىلمىغان① ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى 18-ئەسىردە ھىندى-ياۋروپا تىللىرى تىلشۇناسلىرى سىستېمىلاشقان ماسلىشىش ئۇقۇمىنى تېخى شەكىللەندۈرمىگەن ياكى ئەينى ۋاقىتتا ماسلىشىشنىڭ ئۇقۇمى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن.شېلگېرلا ئالدىن ماسلىشىش مەسىلىسىنى رەسمي مۇھاكىمە قىلغان،ھەمدە ماسلىشىشقا تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي مىسال كەلتۈرگەن:②

Latin	Gernanic
p	f
c	h

شېلگېرنىڭ ماسلىشىشنى مۇھاكىمە قىلغان ۋاقتى بولسا 1808-يىلى،دىققەت قىلىدىغان بولساق ،مەھمۇد كاشغەري شېلگېردىن 700 نەچچە يىل بۇرۇنلا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسىنى مۇھاكىمە قىلغان.مەھمۇد كاشغەري ئېيتىدۇكى ئوغۇزلار ،قىپچاقلار ۋە سۇۋارلار سۆز بېشىدىكى mنى bغا ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن:تۈركلەر ‹ﬁnæn bArd m مەن باردىم

دىسە ئۇلار bæn bArdum دەيدۇ.تۈركلەر «شورپا»نى myn دەپ ئاتسا ئۇلار byn دەپ ئاتايدۇ.(«تۈركىي تىللار دىۋانى» خەنزۇچە نەشرى 34-بەت)

ھازىر بىز يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ« تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىككى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ، تۈركىي تىلى ۋە ئۇغۇز تىلىدىكى بىر قانچە ماسلىشىش ھادىسىسىنى كۆرۈپ باقايلى:(1-جەدۋەلگە قاراڭ)

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە تۈركىي تىللار سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى تىللارنىڭ بىر-بىرىگە ماسلىشىشىغا ئائىت نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار بار .تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىكى ماسلىشىش ھەرگىزمۇ ئوخشاشلىق ئەمەس،شۇڭلاشقا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئەمەلىي مىسال بولۇشى كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىي دەل مۇشۇنداق قىلغان،ئۇ دېگەن ماسلىشىش ھەرگىزمۇ ئوخشاشلىق ئەمەس.

1-جەدۋەل تۈركىي تىللىرى ۋە ئوغۇز تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەمەلىي مىسالى

表1 突厥语与乌古斯语语音对应实例

	突厥语	乌古斯语	汉语
m～b	mæn bArd m	bæn bArdum	我去了
	myn	byn	肉汤
t～d	tævæ	dæwæ	骆驼
	t	d	洞、孔
d～t	bygdæ	byktæ	匕首
	jigdæ	jiktæ	沙枣
v～w	æv	æw	房子
	Av	Aw	狩猎

روبىنسىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ،دانتى(1265 ـ 1321)«ماقال ـ تەمسىل بايانى»دا ياۋروپاغا تەۋە ئۈچ خىل تىل سىستېمىسىنى ئايرىپ چىققان،يەنى گېرمان تىلى،لاتىن تىلى ۋە گرېك تىلى.روبىنسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا دانتى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا چېتىلىدىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان.بىراق بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك جونىس ماسلىشىش ئۇقۇمىنى تېخى شەكىللەندۈرمىگەن،ئېيتىشقا بولىدۇكى دانتىدىن باشلانغان بۇ تەتقىقات ئۇنچىۋالا چوڭقۇر بولمىغان،ئۇنداق بولمايدىكەن جونىسنىڭ تەتقىقاتىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى.ئەلۋەتتە يەنە كىچىكرەك بىر ئېھتىماللىقمۇ باركى،جونىس دانتىنىڭ ئەسىرىنى كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.دانتى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى جەھەتتە بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى دەپ ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ ،دانتىنىڭ ياشىغان دەۋرىدىن قارىغاندا دانتىنىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھەققىدىكى بايانىمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىدىن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كېيىن،كېيىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى،مەھمۇد كاشغەري تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ پىشۋالىرىدىن بىرى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھەققىدىكى ئۇقۇمى بىلەن 19 ـ ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلارنىڭ ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار.مەھمۇد كاشغەري پەقەت مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ياكى تۇغقان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەردە تاۋۇشلۇق ماسلىشىش بار دەپ ھۆكۈم قىلغان،بىراق ئۇ ئىككى خىل تىل ئارىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى چوقۇم مەنبەداش بولىدۇ،دەپ قارىغىنى يوق.مەھمۇد كاشغەري يەنە تۈركىي تىللىرى بىلەن ئۇدۇن، كەنچەك تىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ماسلىشىشنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغان.(2 ـ جەدۋەلگە قاراڭ)

2 ـ جەدۋەل تۈركىي تىللىرى ۋە ئۇدۇن ،كەنچەك تىللىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ

ماسلىشىش ئەمەلىي مىسالى

ئۇيغۇر تىلى	ئۇدۇن،كۆنچەك تىلى	تۈركىي تىلى
ئاتا	ḥ A t A	A t A
ئانا	ḥ A n A	A n A

مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىلدا« h » تاۋۇشى يوق دەپ قارىغاچقا ئۇدۇنلۇقلار ۋە كەنچەكلىكلەرنى تۈركلەرگە تەۋە دەپ قارىمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشمايدىغىنى ،19-ئەسىردىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلار مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار دېئالىكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ياكى تۇغقان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەر ئارىسىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسى بار دەپ ھۆكۈم قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئىككى خىل تىل ئارىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى چوقۇم مەنبەداش بولىدۇ،دەپ ھۆكۈم قىلغان.مەسىلە بىزنىڭ تىللارنىڭ ئۇچرىششىغا قانداق قارىشىمىزدا.بىز ئىلگىرى تىللارنىڭ ئۇچرىششىنى ئېز قوغلاپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششچانلىقى بولسا مەنبەداشلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئەمما يېتەرلىك بولمىغان شەرتى دەپ ھۆكۈم قىلدۇق،يەنى مەنبەداشلىقى بولغان دېئالىكت ئوتتۇرىسىدىكى ياكى تۇغقان تىللار ئارىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەردە چوقۇم تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى بولىدۇ،ئەمما ئىككى خىل تىل ئارىسىدىكى ئاساسىي سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى چوقۇم مەنبەداش بولۇشى ناتايىن.③19-ئەسىر ياۋروپا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىرى پەقەت تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى ئارقىلىقلا سانسكرىت تىلى بىلەن گېرىك تىلى ۋە لاتىن تىللىرى ئورتاق بىر مەنبەدىن چىققان دەپ ھۆكۈم قىلغان،مېتودولوگىيە جەھەتتە بۇ يېتەرلىك ئەمەس.بىز ھازىر باسقۇچلۇق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىپ سانسكرىت

تىلى بىلەن گرېك تىلى ۋە لاتىن تىللىرىنى ئورتاق بىر مەنبەداش دېگەن ھۆكۈمنى قوللايمىز④ ،ئەمما بۇ 19-ئەسىر تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىرىنىڭ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى يېتەرلىك دىمەك قارىغانغا تەڭ بولمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەنبەداشلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى پۈتۈنلەي ماسلىششچانلىققىلا ئاساسلانمىغانلىقى،تىللارنىڭ ئۇچرىششىغا دىققەت قىلغانلىقى ھەمدە قوش تىل ھادىسسىنى كۆزەتكەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.تۈركىي تىللىرى يىپەك يولىغا كەڭ تارقالغان،چوقۇم غەيرى مەنبەلىك تىللار بىلەن ئۇچرىشىدۇ.مەھمۇد كاشغەرىي شەرھىلەپ ئۆتكەن يادرولۇق مەسىلە______قوش تىل ھادىسسى.بىراق قەدىمكى يۇنان،قەدىمكى رىم ۋاقتىدىكى ئالىملار مەھمۇد كاشغەرىيدەك تىللارنىڭ ئۇچرىششى،قوش تىل،ماسلىشىش ۋە مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى تولۇق نەزەرگە ئالغان بولۇشى ناتايىن.تىللارنىڭ ئۇچرىششى،قوش تىل ماسلىشىش ۋە مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ھەتتا 19-ئەسىرگە كەلگەندىمۇ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن.ھازىرقى دەۋردە تىللارنىڭ ئۇچرىششىغا ئائىت تەتقىقاتلار شۇنى چۈشەندۈردۇكى،قوش تىل ھادىسسى بولسا تىللارنىڭ ئۇچرىششىنىڭ ئاچقۇچى،ئۇ يەنە تارىخىي سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشتە چوقۇم ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،مەھمۇد كاشغەرىي تىللارنىڭ ئۇچرىششى تەتقىقاتىنىڭمۇ پېشۋالىرىدىن بىرى.

مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللىرى بىلەن ئوغۇز تىللىرىنىڭ تۇغقان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولسا مىللەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دەيدۇ:

تۈركلەر ئەسلىدە 12 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان.تىنگى تەكتىنى سۈرۈشتە قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولسا ئاللاھنىڭ ئەتىۋارلىق

پەيغەمبىرى نوھنىڭ نەۋرىسى،ياپەسنىڭ ئوغلى.بۇ خۇددى رىملىقلار بولسا ئاللاھنىڭ ئەتىۋارلىق پەيغەمبىرى ئىبراھىمنىڭ ئەۋرىسى،ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى،ئەيسانىڭ ئوغلى رومولوسنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانىغا ئوخشاش.

ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىدە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقلار بار،ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت ياراتقۇچى ئاللاھلا بىلىدۇ.مەن پەقەت يىلتىزداش قەبىلىلەرنىلا خاتىرلىدىم،بىراق ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تارماق سىستىمىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلدىم.كىشىلەرنىڭ ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ،ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى ھەمدە چارۋىلارغا بېسىلىدىغان تامغىلىرىنى مىسالغا ئالدىم.(«تۈركىي تىللار دىۋانى» خەنزۇچە نەشرى 30~34 بەت)

بۇ بۆلەك مەزمۇن مەھمۇد كاشغەريي دەۋرىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىسپاتلىرى،مەسىلەن چارۋىلارغا بېسىلىدىغان تامغا قاتارلىقلار تۈركلەر بىلەن ئوغۇزلارنىڭ تېخىمۇ قەدىمىي بىر قەبىلىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بىرەلەيدۇ،شۇڭلاشقا مەھمۇد كاشغەريي تۈركلەر ۋە ئوغۇزلارنىڭ تىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىغا ھۆكۈم قىلغان.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى مەھمۇد كاشغەريي بولسا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە تىللارنىڭ ئۇچرىشىش تەتقىقاتىنىڭ پىشۋاسى.

تەشەككۈر:جاۋ مىڭ مىڭ پىرافېسور بىلەن ئارسلان ئابدۇللا پىرافېسور تۈركىي تىللار جەھەتتە ماڭا نۇرغۇنلىغان ياردەملەرنى بەردى،بۇ يەردە سەمىمىي رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

پايدىلانغان ماتىرىياللار:

[1]JONES W • The third anniversary discourse ,on the Hindus, In W •Lehmann 1967,A Reader in Nineteenth Century Historic al

Indu European Linguistics[M].Indiana:Indiana University P ress,

1786:7-20

[2] SCHLEGEL F • On the luanguage and Wisdom o the Indians, In W •Lehmann 1967,A Reader in Nineteenth Century Histor ical

Indu European Linguistics Zndia [M] Indiana :Indiana Univ rsity Press,1808:21-28

[3]罗宾斯.语言学简史[M].合肥：安徽教育出版社，1987:204.

[4]陈保亚.论语言接触与语言联盟 [M].北京：语文出版社，1996.

*ماقالە يېغىش ۋاقتى: 2005 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئاپتور تونۇشتۇرۇشى:چېن باۋ يا(1956_) ئەر،شەنشى نىڭشۇەدىن.بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىتى جوڭگو يېزىقى فاكۇلتېتى پىرافېسورى،دوكتۇر يېتەكچى،خەنزۇ تىلشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىنىڭ قوشۇمچە تەتقىقاتچىسى،تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

Two Contributions Muhammad Kashgaly made to Historic linguistics

_____In Memory of Muhammad Kashgaly's 1000th Birthday

CHEN Bao-ya

(Chinese Department ,Research Center of Chinese Linguistics, Beijing Uiversity,Beijing ,100871)

Abstract:In Dictionary of Turkish,far earlier than those historic comparative lingusts ,Muhammad Kashgaly discussed phonetic homoo-gy beween dialects and relative languages , debated bilingual phonomena and bilingual interference ,and noticed the fact that language contact can result in phone-tic homology,thus he did not make homology the unique crite-ria for homology .His judgment for homology relies on cultur e and ethnic evidences.He ie the pioneer of the study of his toric comparative linguistics and language contact.

Key Eords: Dictionary of Turkish;comparative lingusts ; language contact

تەرجىمە قىلغۇچىلار : شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 2010-يىللىق ئوقۇغۇچىسى

باھارغا سېغىنىش

مۇنىرە ئابدۇۋەلى

باھارغا تەلمۈرۈپ ئۆتمەكتە كۈنلەر،
بىلىنەر ئۇلانماس تاڭغا بۇ تۈنلەر.
ۋاقىتقا ئەسىر بوپ قالدىم ئۇھسىنىپ،
ئەمەلگە ئاشمىدى پىنھان كۈتۈشلەر.

ئەۋرىشىم دەرەخلەر ئاستا ئېرغاڭلار،
چۈنكى ئۇ ياپراقتا بولغان ھامىلدار.
كۈتمەكتە باھارنى شاۋقۇن سۈرەنسىز،
ئوقۇغاچ تەڭرىگە تەۋبە ـ ئىستىغپار.

لىباسقا چۆمۈلگەن تاغۇ باغلىرىم،
باھارغا سېغىنىپ بولدى ئىنتىزار.
ئەينەكتەك مۇزلارنى بېلىقلار چېكىپ ،
زېمىنغا گەپ ئېيتار كەلسىچۇ باھار.

زىمىستان ئۇنتۇلسا باھارىم كەلسە،
باھار گۈل گۈل بەرسە قەلبىمگە تەرسەم.
جۇدالىق دەم ئالسا، كۈتۈش دەم ئالسا،
بەرگىلەر قوينىدا ۋىلىقلاپ كۈلسەم.

چېچەكتىن يوللارغا سالاي پاياندازا،
يارىمنىڭ ئىزلىرى تولسۇن چېچەككە.
باھارغا دېيىشكەن ۋەدە ئەھكاملار،
كۆز ئاچسۇن دۇنياغا خالىس تۆشەككە.

شۇئارغان ھۇۋلايدۇ ھارماي ھېيقىماي،
دۇنياغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمران بولار.
مەيلى ئۇ مېھرىنى بەرسۇن بەرمىسۇن،
كۆڭلۈمگە ئېيتەمەن كېلىدۇ باھار.

ۋىجدانىم جىسمىمدىن ئايرىغان ئەمەس،
سۆيۈلگەن ھېسلىرىم ئالەمگە تارار.
قىش ئۆتۈپ باھارسىز يازلار كەلسىمۇ،
كۆڭلۈمدە چىللايمەن كەلسىدى باھار.

ئاپتور:جېجىياڭ جىياشىڭ شەھەرلىك شىيۇجوۋ ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2-يىللىق ئوقۇغۇچىسى

سۆيدۈم بىر سىينى

گۈزەلنۇر ئابلىكىم

ئۇنتاي دەپ كۆزۈمنى يۇمسام ھەر زامان،
قەلبىمدە شۇ سىمايىڭ بولىدۇ ئايان.
نە ئۈچۈن بىر سېنى سۆيدۈم بىلمىدىم،
تۇرسىمۇ ئالەمنىڭ قوينى بىپايان.

كېچىلەر تولغىنىپ ئىشقى ئوتۇڭدا،
يۈرۈكۈم يىغلايدۇ قىيناپ دەرد-پىراق.
شۇندىمۇ قىلچىلىك يوقتۇر پۇشايمان،
بىر سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن بىراق.

يولۇقسام ئالەمچە مۇشكۈل خەتەرگە،
پاك سۆيگۈڭ بېرىدۇ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت.
سۆيگۈڭنىڭ قۇدرىتى ئىلھامى مېنى،
جاسارەت تېپىشقا قىلىدۇ دەۋەت.

جانانىم ھەر قېتىم سۆزۈمگە باقسام،
مېھرىڭدىن تېنىمگە تارار ھارارەت.
پايانسىز مۇھەببەت دېڭىزى ئىچرە،
بىر سېنى تاللىدىم سۆيدۈم تائەبەت.

ئاپتور: لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى 2010-يىللىق ئوقۇغۇچىسى

تىلەك

ۋاسىتجان ئابلىمەت

دۇنيادا ئانامچۇن ياشاپ كەلدىم ،
ھەم پۈتكۈل بارىمنى ئاتاپ كەلدىم .
شاتلىقى قايغۇسىغا بولۇپ ھەمنەپەس،
جېنىمدىن ئەزىزلەپ كۈتۈپ كەلدىم .

ئانام تۆكسە تامچە ياش،يۈرەك چىدىماس،
ئانامسىز بۇ گۈلۈم تەنھا ئېچىلماس .
ئانام ئۇ پەرىشتەم قۇتقازغۇچۇم ھەم،
ئانامسىز بۇ يۈرەك ھەرگىز ياشىماس .

ئۇتقا كىر دېسەڭ گەر ئۇتقىمۇ كىرەي،
مەيلى مەن سەن ئۈچۈن تاغ داۋان كېزەي .
ھەتتاكى شۇ ئىسسىق جېنىمدىن كېچەي ،
ئاللاھتىن ئۆمرۈڭگە بەرىكەت تىلەي .

قېنى سەن ئادىللىق

سېنى مەن كۆرەلمەي ياشالماي قالدىم،
كۆزدە بىر ياش تۆكۈپ كۈلەلمەي قالدىم .
سېنىڭسىز جاھانغا كۆنەلمەي قالدىم،

قېنى سەن ئادىللىق سېغىندىم سېنى .

ياخشىلىق قىلسام گەر تەخسىچى دەيدۇ،
ھەقىقەت سۆزلىسەم يالغانچى دەيدۇ.
ھالال پۇل تاپسامۇ قويمىچى دەيدۇ،
قېنى سەن ئادىللىق سېغىندىم سېنى .

ئىشقىڭدا ئاھ ئۇرۇپ بولسامۇ مەن مەس ،
باغرىڭدا ياشىماق بولدى شۇنچە تەس .
خوشلىشاي سېنىڭدىن ياشىماي بولدى بەس،
قېنى سەن ئادىللىق سېغىندىم سېنى .

ھاكاۋۇر قىزغا

يۆرۈيسەن يوللاردا گىدەيگەن پېتى،
كىبىرلىك مەنمەنلىك خىسلىتىڭ سېنىڭ.
ھەرقانچە ياخشى بىر ئادەم بولسىمۇ،
كۆزىگە سىغمايدۇ قىلىقىڭ سېنىڭ.

ئۆزۈڭچە غادىيىپ كەتمە ئالدىراپ،
غادىيىش كۆز-كۆزلۈك ھايۋان قىلىقى.
ئېسىڭدە بولسۇن شۇ قىلىقىڭ ئۈچۈن ،
بولۇر ئۇ دۇنيادا ھامان سورىقى.

ئەلەملەر ئىچىدە سوراي ئەي قىزچاق ،

بىراۋنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن نېچۈن؟

بىلىپ قوي ھەرقانداق ئېسىل چەينەكمۇ،

بوي ئىگەر ئاددى بىر پىيالە ئۈچۈن .

بولدى قىل ھاكاۋۇر مەنمەنچى قىزچاق،

كىبىرنى تاشلىغىن، دۇرۇس ياشىغىن.

توۋا قىپ ئىلگىرى ئەتكەنلىرىڭگە ،

ئاخىرەت ئۈچۈن ھەم تەييارلىق قىلغىن .

ئاپتورى:شاڭراۋ پىداگوگىكا ئىنىستىتوتى 2011 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى

سۈكۈت

رىزۋانگۈل ئابدۇخالىق

تىمتاس كېچىلەر كىملەرگە ھەمراھ،

شاماللار ئارامغا تويىمىغانىمىدىك .

ھارارەت يانىمىدى جىمجىتلىقىڭدىن،

ئېيىت كېچە سۈكۈتكە قانمىغانىمىدىك .

ئېيتماي ناۋانى مۇڭلۇق ئۈنۈڭدىن،

زېھىننى سۈكۈتكە مەھلىيا قىلدىڭ .

تېۋىشىم تەلمۈرۈپ قالارمۇ يەنە ،

شۇ غەمسىز دىلىمنى تەشۋىشكە سالدىڭ .

ھۆكۈمران ئەمەستۇر بۇنداق كېچىگە،
شاۋقۇن سۈرەنلەر قەيەردە گۇمران.
يۇلتۇزمۇ ئاي بىلەن قاراپ ھەيراندا،
سۈكۈتكە باش قويۇپ بولدۇ پىنھان.

دۇنيايىم يوقاتتى مەۋجودلۇقىنى،
ھەممە جاي قاراڭغۇ ئەسلا كۆز يەتمەس.
كېچىنى ئوزۇتۇپ تاڭ يېقىنلىشار،
سۈكۈتىمۇ ئۇنىڭغا مەڭگۇ تىز پۈكمەس.

ئاپتور: جىجىياڭ جىياشىڭ شەھەرلىك شىيۇجوۋ ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2- يىللىق ئوقۇغۇچىسى

شىمالىي ئامېرىكا بۆلجۈرگىنى

(蛇含草)

شىمالىي ئامېرىكا بۆلجۈرگىنى ئازغان ئائىلىسىگە تەۋە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ،ئۇ يەنە كىلىينىپىياغاز تاپان دەپمۇ ئاتىلىدۇ ،ئۇنىڭ ئۆسۈش ھالىتى يىلانغا ئوخشاش يۆگەلمىسىمان بولغاچقا ھەمدە قىسمەن يوپۇرماق ئاساسىي سېپىدە ئۈچ تال يوپۇرماق بولغاندىن سىرىت كۆپىنچە بەش تال يوپۇرماق بولغاچقا ئۇ يەنە بەش تىرناقلىق ئەجدەرھا،بەش يەكتەكلىك يىلان دېگەندەك نامىلارغىمۇ ئىگە.

تۈپىنىڭ سىرتقى يۈزىگە تۈكچىلەر ئۆسۈپ چىققان، غولى ئىنچىكە،ئۇزۇن ، شاخچىلىرى كۆپ بولۇپ سوسۇن رەڭلىك غولى يەرگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئوق

يىلتىزى قىسقا بولۇپ،بۆرۈتسىمان يان يىلتىزى توپلاشقان ھالەتتە ئۆسىدۇ.يوپۇرمىقى ئالقانسىمان نوۋەتلەشمە مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق بولۇپ ئۈچ تالدىن بەش تالغىچە بالا يوپۇرماقتىن تەشكىل تاپقان.يوپۇرمىقى دۈم كۆمتۈرۈلگەن يۈرەك شەكىللىك،تەتۈر قۇيۇلغان تۇخۇم شەكىللىك،ئېلىپپىس شەكىللىك بولۇپ ئۇزۇنلۇقcm1~5 غىچە، كەڭلىكى cm0.5~2 غىچە،ئالدى قىسمى دىقماق ھالەتتە ئاساسي قىسمى شىنا شەكىللىك، گىرۋەكلىرى ھەرەچىشسىمان كېلىدۇ.يوپۇرماق سېپى ئۇزۇن،تەگ يوپۇرمىقى پەردىسىمان بولۇپ ئاساسي قىسمى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

غۇژمەك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى چوققا ياكى قولتۇق قىسمىدىن ئۆسۈپ چىققان،شاخلىرى ئىنچىكە كېلىدۇ.قوشۇمچە گۈل كاسىسى تۆۋرۈكسىمان بولۇپ، گۈل كاسسا يوپۇرماقچىسى،گۈل بەرگى بىردەك بەش تال ،ئانىلىق ۋە ئاتىلىقنىڭ سانى باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر كۆپ.چېچەكى سېرىق رەڭلىك بولۇپ ئادەتتە 2-ئايدىن 5-ئايغىچە چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.كۆپىنچە تاغ باغرى ۋە نەم يەرلەرگە تارقالغان بولۇپ،مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكا بۆلجۈرگىنىنىڭ ئىسسىقنى پەسەيتىپ كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش،يۆتەلنى توختىتىپ بەلغەمنى يۇمشىتىش،بەزگەك ،كېكىردەك ئاغرىش،ھۆللۈكتىن بولغان پالەچلىك،قىچىشقاق ئەسۋىسى،ماشىرا(تىلما كېسلى، سەرەمەس كېسلى)كۆز قىزىرىپ ئىششىپ ئاغرىش،شامال ۋە نەملىكتىن بولغان ئويۇشۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇ يەنە يىلان ۋە زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ چېقىۋېلىشىدىن كېلىپ چىققان زەخىملەرگە سۈركەش ئارقىلىق زەھەرنى قايتۇرۇش ،قاننى ساپلاش ۋە راۋانلاشتۇرۇشتەك روللارغىمۇ ئىگە.تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە -خەنزۇچە

سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى .

ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئاتالغۇلار سېلىشتۇرمىسى

شىمالىي ئامېرىكا بۆلجۈرگىنى 蛇含

ئازغان ئائىلىسى 蔷薇科

شىنا شەكىللىك 楔形

كىلىنېياغاز تاپان蛇含草

بەش تىرناقلىق ئەجدەرھا 五爪龙

بەش يەكتەكلىك يىلان 蛇包五披风

يەر بېغىرلىغۇچى غول 匍匐

گۈل كاسىسى، گۈل چېنىسى萼

گۈل كاسىسا يوپۇرماقچىسى 萼片

ئاتىلىق 雄蕊

ئانىلىق 雌蕊

نۆۋەتلەشمە شەكىلدە ئۆسۈش 互生

تەگ يوپۇرماق 托叶

غۇژمەك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى 聚伞花序

ماشىر ا 丹毒

بەزگەك كېسىلى 疟疾

قىچىشقاق ئەسۋىسى 痒疹

پايدىلانغان مەنبەلەر:« 达尔文动植物世界»

شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ئىنىستىتۇتىدىن: ئادىلجان ئىبراھىم

«مەۋجۇدلۇق تەشنالىقى»دىن تۇغۇلغان ئويلار

ئىمامجان تۇرسۇن

«مەۋجۇدلۇق تەشنالىقى» خەلقىمىزنىڭ ئۆزلۈكى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى، داڭلىق شائىر ،مائارىپچىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدىن كېيىن روياپقا چىققان ،دىيارىمىز شىنجاڭ بىلەن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ياۋروپانىڭ گۈللەنگەن ئىقتىساد مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئەنگلىيە پايتەختى لوندون تۇرمۇشى ،جۇغراپىيىسى ،ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، تىل ئېتمولوگىيىسى قاتارلىقلار خاسلىقى بۇيىچە مۇئەييەن ئىلمي سىلىشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلغان ،نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ساياھەت خاتىرىسىدۇر دەپ ئويلايمەن .

بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەنگلىيىدىكى، جۇملىدىن لوندوندىكى كىشلەنىڭ هاياتى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ هاياتىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن ،ئۆزلۈك تۇيغۇمىز ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل بولغان چۈشەنچە هاسىل قىلدىم .تۆۋەندە مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ چۈشەنچىلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن .

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەنگلىيىدىكى سۆھبەتلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك يازىدۇ :«بۇ يەردىكى سۆھبەتلەردە بىراۋنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىسا، كەسكىن رەدىيە بېرىپمۇ كەتمەيدۇ،بەلكى ‹ سىز شۇنداق ئويلامسىز؟› دەپ كۈلۈپ قويىدۇ ياكى ‹شۇنداقمۇ؟

ھەيرانمەن›‹ۋاي توۋا› دەپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ ،ئەنگلىيىدە ئۇچراتقان كىشلەر پەرقلىق قاراشلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇپ،رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كەتمەيدۇ،تۆزىتىپمۇ كەتمەيدۇ ، پەقەت زۆرۈر بولغاندا تۈزىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۆز قاراشنىڭ پەرقلىق بولۇشى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋي خەزىنىسىدىكى بايلىقى،پىكىر يولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئادەملەر جەمئىيىتى نامرات ،كېسەل جەمئىيەت ئىدى.

ئەمدى بىز ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىكى سۆھبەتلەرنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدىكى سۆھبەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى.بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ھەتتاكى قارىمۇ ـ قارشى بولغان پىكىرلەرگە ئۇچرىغىنىمىزدا، مۇشۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلالامدۇق يوق؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دىمەك تەس،لېكىن مەن ئويلايمەنكى ئۇنداق قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز.

ھازىر ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە ياكى مۇكەممەل بولمىغان كۆز قاراشلىرىدا چىڭ تۇرىدىغان ،ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنى دۈشمەن قاتارىدا سانايدىغان،مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل،ئەتراپلىق ، مۇپەسسەل پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇلاھىزە قىلماي ،بەلكى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ.ئۇلار خۇددى ئا.مۇھەممەتئىمىن

ئېيتقاندەك ،ئۆگەنمەي،بىلمەي دەيدىغان ،بىكىنمىلىك ھالەتتە تۇرۇپ ئالەم ھەققىدە لاپ ئۇرىدىغان ،ئارقىدا قىلىپ تىرىشمايدىغان ،قۇرۇق قول تۇرۇپ ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتىدىغانلاردۇر.

بۇنداق كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار دەپ ئويلايمەن:بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ تولۇق بولماسلىقى ،مۇلاھىزە قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ياكى پۈتۈنلەي بىخەۋەر بولىشىغا قارىماي مەسىلىلەر ياكى مەلۇم ئوبىكتىپ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ.ناۋادا باشقىلار ئۇنىڭغا توغرىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى چۈشەنمەي ئۆزىنىڭ خاتا كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق يولى يەنىلا كۆپلەپ كىتاب ئوقۇش،نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش،ئۆزى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپرەك ئىزدىنىش ھەمدە ئىمكانىيەت بولسا، بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىلمىي دوكلاتلىرىنى كۆپرەك ئاڭلاش.

يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز بولسا باشقىلارنى بىسىپ چۈشىسەم دەپلا ئويلايدىغان پىسخىكىلىق خاراكتىرى سەۋەبىدىن بۇ خىل مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ خاتا ئويىغا قارشى پىكىرنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى يۈز ئابرويى ،مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن تەسىرگە ئۇچرايدىغان نوپۇزى. بۇلاردا ئىلىم-پەنگە بولغان ھەقىقي پوزىتسىيە كەمچىلدۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئوبزورچىلارنى ياختۇرمايدىغان، ئۇلارنى ھەر خىل يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.مانا بۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بەزى ئەدىب ،ئىلىم پىشۋالىرىنىڭ پىسخىكىلىق ساپاسى.

تۆۋەندە مەن بىر قانچە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن .تېخى بىر ئىككى ھەپتە ئالدىدا ئەلكۈيى مۇنبىرىدە ئابدۇۋەلى ئايۇپ گۇلەننىڭ «يۈرتۋازلىق ۋە ئەپسانىۋى قەشقەر» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.ئاپتور بۇ ماقالىدە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بىزنىڭ ئارىمىزدىكى يۈرتۋازلىق مەسىلىسىنى ھەمدە ئۇنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن زىيانلىرىنى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەنىدى.لېكىن بىر قىسىم تورداشلىرىمىزنىڭ يازغان ئىنكاسلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرىدا يۈرتۋازلىق ،بىر تەرەپلىمە بىمەنە قاراشلارنىڭ يەنىلا نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بايقايمىز،ئۇلارپەقەت ئۇيغۇر نوپۇسى 3 مىليوندىن ئاشىدىغان قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە چىقىپ، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارنىلا كۆرۈپتۇ، ئۆزىنىڭ شەخسى كەچۈرمىشىگە

ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا

مەمتىمىن ئىسمايىل

تارىختىن قارىغاندا ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلغان بۇرژۇئازىيە دۆلىتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان كۆچمەنلەر ئۇنى قۇرۇشقا قاتناشقان. شىمالى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بۇ دۆلەتنىڭ ئەتراپىدا كۈچلۈك قوشنىلىرى يوق بولۇپ. ئىزچىل ھالدا ئەركىن رىقابەت ۋە پۇرسەتتە باراۋەر بولۇشنى قوۋۋەتلەپ كەلگەن. لېكىن يەنە ئاساسلىقى ياۋرۇپا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە ئېنگىلىز تىلى دۆلىتى. ئۇ19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈپ ،شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەر شارىدىكى ئىقتىسادى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. ھەمدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربىي يېرىم شارىنىڭ زومىگەرىدىن دۇنيا زومىگەرى بولۇشقا قاراپ ماڭدى.گەرچە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ لېكىن دۇنيا زومىگەرلىكىنى ئورنىتىش بۇنىڭ بىلەنلا بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقىپ قالماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. چۈنكى 18- ئەسىردىن باشلاپ ئەنگلىيە تەدرىجي ھالدا كۈن پاتماس ئىمپىرىيەگە ئايلىنىپ،پۈتۈن دۇنيامىقياسىدا

زومگەرلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان پۇرسەت ئىزدەپ كەلدى.1898-يىلىدىكى ئامېرىكا - ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن مۇھىم تىرىشچانلىقىدۇر. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈشى بىلەن يۇقىردا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ،19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، ئۇ دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى.ھالبۇكى ئۇنىڭ چەتئەللەردە ئىگىلىگەن مۇستەملىكىلىرى چەكلىك بولۇپ ،بۇ جەھەتتە ئەنگلىيە،فرانسىيە،ھەتتا كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان گېرمانىيەنىڭمۇ كەينىدە تۇراتتى . ئەلۋەتتە بۇ ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى كۈچى بىلەن ماس كەلمەيتتى . ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى بازار ۋە بايلىق مەنبەسىگە ئېھتىياجلىق ئىدى .ئامېرىكا ئامېرىكا - ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى قوزغاش ئارقىلىق ئىسپانىيەنىڭ بىر قىسىم مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى . شۈبھىسىزكى، بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .گەرچە ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە دۆلەتكە ئايلىنىش يولىدا ئىزچىل تىرىشۋاتقان بولسىمۇ ،لېكىن دۆلەت ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن،خەلققە قارىتا ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان يېگانەپەرەسلىك ئىدىيىسى ئامېرىكىنىڭ بۇ جەھەتتە قەدىمىنى توسۇپ تۇراتتى .يېگانەپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ ئامېرىكىدا چوڭقۇر تارىخي ئارقا كۆرۈنىشى بار.

ئامېرىكا شىمالى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان،چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن ئۆز ئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ دۆلەت 1789-يىلى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن

بولۇپ ،بىسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىسى ئىنتايىن قىسقا .دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەردىن كۆپ ئاجىز،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيەنىڭ تەھدىتى ھېلىھەم مەۋجۇد ئىدى. ئەنگلىيە گەرچە ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ،لېكىن ئامېرىكىدىن يەنىلا «مېھرى» نى ئۈزەلمىگەن بولۇپ ،ئىزچىل ھالدا ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭى باشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلەپ كېلىۋاتاتتى .ئامېرىكا تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى بۇنىڭ مىسالىدۇر .بۇنداق مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق مۇھىت يېگانەپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇنبەت تۇپراق ھازىرلىغان .179 7 ـ يىلى «ئا ق ش ئاتىسى» ۋاشىنگتون ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا بىر قېتىملىق خوشلىشىش تەقدىم نۇتۇقى سۆزلىدى .سۆزىدە ئۇ تەكىتلەپ ‹ بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىتىپاقدىشى بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك › دېدى .ئۇ ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكىلەرنى ياۋروپانىڭ قالايمانچىلىقىغا ئارىلاشماسلىققا ،ياۋروپانىڭ ئىشلىرىغا قارىتا بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى .ئۇنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى كېيىنكى ھەر نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تاشقى سىياسەت تۈزۈشىدە مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى ۋە ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ يېگانەپەرەسلىك خاھىشىنى كۈچەيتتى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ،ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دۇنيا تارىخىغا مىسلىسىز تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەلەر يۈز بەردى . مەسىلەن فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى فېئودال پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى .بۇ جۇمھۇرىيەت ناھايىتى تېزلا ناپالېئون

ئىمپېرىيىسى بىلەن ئالماشتى ،ھەمدە ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا كېڭەيمىچىلىك
ئېلىپ بېرىپ ،نۇرغۇنلىغان زور كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .
لېكىن ئامېرىكا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ھېچقانداق ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى ،
بەلكى ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭدى .1815-يىلىدىكى ۋېنا يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى
بىلەن ياۋرۇپا كۈچلەر ئەندىزىسىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەنى شۇنىڭدىن
كېيىن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىكى ۋېنا سىستېمىسى شەكىللەندى ،
لېكىن ئامېرىكىنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچىلىك كارى بولمىدى .مۇشۇ بىر
نۇقتىدىنلا يېگانەپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ ئامېرىكىدا قانچىلىك تەسىر كۈچكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس بولمىسا كېرەك .

تارىخنىڭ چاقى ھەمىشە ئالدىغا چۆرگىلەيدۇ ،ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ .ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئامېرىكا بۇ خىل خاھىشنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى .چۈنكى مىللىي ئىگىلىك تەرەققى قىلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە يەنە داۋاملىق يېگانەپەرەسلىكتە چىڭ تۇرىدىغان بولسا، تەرەققىيات چوقۇم توسالغۇغا ئۇچرايدۇ .كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىدا بازار ۋە بايلىق مەنبەسى ئاچقۇچتۇر .يېگانەپەرەسلىك ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئىشلارغا قاتنىشىشىنى چەكلەپ، بازارنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ قويىدى .شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا يېگانەپەرەسلىكنىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلىدىغان يولنى ئىزدەشكە كىرىشتى .

1914-يىلى 6-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى سارايېۋو ۋەقەسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئوت پىلتىسى سۈپىتىدە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئومومىيۈزلۈك پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .بۇ زور ۋەقە ئامرىكىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە ئۇ ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن چىقىش

قىلىپ ،بىتەرەپلىكنى ساقلىدى ۋە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ بىلەن قورال- ياراغ سودىسى قىلدى ھەمدە ئۇلارغا كۆپ مىقداردا قەرز پۇل بەردى . لېكىن ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىك مەيدانىدىن ۋاز كېچىپ ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى . ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى توغرىسىدا كىشىلەردە ھەرخىل كۆز قاراشلار بار .لېكىن قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ،ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىكى شۇكى،ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك بولغان خەلقئارا ئىشلارغا ئارىلىشىش ۋە يېگانەپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىدىكى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇرۇش ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتى ھەمدە غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتكە ئايلاندى .زۇڭتۇڭ ۋىلسون پارىژ سۈلھى كېڭىشىگە قاتناشتى .تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى ،بۇ تارىختىن بۇيان ئامېرىكا زوڭتۇڭىنىڭ تۇنجى قېتىم باشقا دۆلەتكە زىيارەتكە بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .ئامېرىكا بۇ كېڭەشتە ئادەتتىكى سالاھىيەت بىلەن ئەمەس بەلكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى داۋىد. لوئىد. گىئورگى، فىرانسىيە زۇڭلىسى كىلمىنسولار بىلەن بىرلىكتە ئۈچ چوڭ كاتتا باش سۈپىتىدە قاتناشتى .يىغىندا ئۇ بىرلىككە كەلگەن خەلقئاراۋى تەشكىلات-خەلقئارا ئىتتىپاق قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى .ئۇنىڭ غەرىزى بۇ تەشكىلات ئارقىلىق ، ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادى كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ ،ئامېرىكىنى ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ھاكىم بېگىگە ئايلاندۇرۇش ئىدى،ئۇنىڭ ئويى ئىشقا ئاشمىدى . بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئەنگلىيە-فىرانسىيە گورۇھى گەرچە ئۇرۇشتا ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ ،لېكىن دۇنيا زومىگەرلىكىنى

ئامېرىكىغا تارتقۇزۇپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكىنى يوق ئىدى .شۇنىڭ بىلەن ۋىلسون تەخىرسىزلىك ئىلكىدە قايتىپ كەتتى،ئامېرىكىمۇ ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى يېگانە ھالىتىگە قايتتى،لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ كىچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ كونا ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا ،ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ .بۇ قېتىملىق يىغىندا ئامېرىكا زوڭتوڭى باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئەنگلىيە، فرانسىيە رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە خەلقئارالىق زور مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى .بۇ ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق كونا ماركىلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى سۆزسىز ئېتىراپ قىلغانلىقى ئىدى .بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە پارىژ سۈلھى كېڭىشى ئامېرىكىنىڭ يېگانەپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا تاشلىغان چوڭ بىر قەدەمى .ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى رولى ۋە تەسىرىدىمۇ زور دەرىجىدە كۆتۈرلۈش بولدى ،ھەمدە دۇنياۋى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندى .

1921 ـ 1922 ـ يىللىرى ئېچىلغان ۋاشىنگتون يىغىنى ئامېرىكىنىڭ كونا ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تاشلىغان يەنە بىر زور قەدەمى .گەرچە بۇ قېتىملىق يىغىنىنىڭ مەقستى ئاساسلىقى، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بولسىمۇ ،لېكىن ئۇنىڭدا بەزى دۇنياۋى مەسىلەرمۇ مۇزاكىرە قىلىندى ،بەزى كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەر ئىمزالاندى .ئۇلاردىن مۇھىم ھېسابلىنىدىغىنى «بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيە كېلىشىمى» دۇر .بۇ كېلىشىم ئامېرىكا ،ئەنگلىيە ،ياپونىيە ،فرانسىيە ، ئىتالىيە بەش دۆلەت دېڭىز ئارمىيلىرى ئاساسلىق ئۇرۇش پاراخوتلىرى ئومۇمى

توناژ نىسبىتىنىڭ 1.75 :1.75 :5:3 :5 بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى .

بۇكېلىشىم «ئامېرىكىنى ئەنگلىيە بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ياپۇنىيىگە بولغان دېڭىز ئارمىيە ئۈستۈنلۈكىنى تىكلىدى» ① .بۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى تىكلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئامېرىكا «تۆت دۆلەت شەرتنامىسى » ئارقىلىق ئەنگلىيە، ياپونىيە ئىككى دۆلەتنى ئۆزىگە تىز پۈكۈشكە مەجبۇرلىدى ،ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇن شەكىللەنگەن ئەنگلىيە ـ ياپونىيە ئىتىپاقىنى بىكار قىلغۇزۇپ ،ئۆزىنىڭ غەربىي تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى تىكلىدى .جۇڭگو مەسلىسىگە قارىتا ئىمزالانغان «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى» ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى مۇستەقىل ئىگىلىۋېلىش غەرىزىنى بىتچىت قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى كېڭەيمىچىلىكىگە ئاساس سالدى .كېيىسپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ۋاشىنگتون يىغىنىدا ئامېرىكا ئاز بولمىغان مەنپەئەتكە ئېرىشتى ،ھەمدە ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پائالىيەتلەر ئامېرىكىنىڭ يېگانەپەرەسلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن زور «تىرىشچانلىقى »دۇر .ھالبۇكى يېگانەپەرەسلىك ئامېرىكىدا شۇ قەدەر مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانكى ،بىر ئىككى قەدەم بىلەن ئۇنى تۈپ ئاساسىدىن ئوڭشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى .بۇ مەسىلىدە ۋەزىيە ئېغىر، يول يىراق . ئىككىنچى دۇنيائۇرۇشى ئامېرىكىغا بۇ ھالقىلىق پۇرسەتنى ئېلىپ كەلدى ! ئەلۋەتتە ،بۇ جەھەتتە روزۋېلتنىڭ ئوينىغان رولى گەۋدىلىك بولدى .

فرانكلىن روزۋېلت 1933 ـ يىلى زوڭتۇڭلۇققا سايلاندى .ئۇ تەختكە چىققان يىللاردا دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى

1929 ـ 1933 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى مىسلىسىز ئىقتىسادىي كرىزىس دۇنيا ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ياۋروپادا ناتسىستلار پارتىيىسى ۋەكىللىكىدىكى فاشىست كۈچلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. گىتلېر گېرمانىيە خەلقىنىڭ «ۋېرسال كېلىشىمى» گە بولغان نەپرەتلىنىش كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل كۈچى بىلەن رادىكال مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرگە ئەسەبىي ئۇرۇش ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. ياپونىيە دۆلەت ئىچىدىكى فاشىست ئۇنسۇرلارمۇ تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە روشەن تەھدىت پەيدا قىلدى. بۇ ئىككى فاشىستىك دۆلەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان خەتىرىمۇ كۈنسايىن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، بۇ زىددىيەت ئاساسلىقى پۇل ـ مۇئامىلە ۋە سودا جەھەتتە ئىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىسمۇ داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇراتتى. گەرچە «روزۋېلتنىڭ يېڭى سىياسىتى» ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كاپىتالىزىمنىڭ زىددىيىتىنى كېلىشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغاچقا، كرىزىسنىڭ ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. «1937 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئامرىكىدا يەنە ئىقتىسادىي كرىزىس كۆرۈلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىقتىساد ئاندىن ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلغىلى تۇردى»②.

بۇنچە مۇرەككەپ ۋە ئېغىر بولغان دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارىتا، روزۋېلت ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىرىمۇ ناھايىتى جانلىق بولدى. ئالدى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى «بىتەرەپلىك قانۇنى»نى

ماقۇللىدى.ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇنداق زور ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە قارىتا تۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان پوزىتسىيە ‹ بىتەرەپلىك بولۇش كېرەك›دەپ ھېسابلىدى .چۈنكى بىتەرەپ تۇرمىغاندا ،ئېغىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتەتتى. « بىتەرەپلىك قانۇنى» ئارقىلىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قورال-ياراغ ۋە زۆرۈر ئەشيالارنى ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلارغا توشۇشنى چەكلىدى . ئېنىقكى، بۇ ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ مەيداننى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى .لېكىن ئۇ بىر قاتار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .مەسىلەن ئىتالىيەنىڭ ئېفىئوپىيەگە تاجاۋۇز قىلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش، فرانكو باشچىلىقىدىكى ئىسپانىيە فاشىست ئۇنسۇرلىرىنى يوشۇرۇن قوللاش، ۋەھاكازالار .

لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكىنى ئەنسىرىتىپ قويدى .گېتلىر چېخوسلوۋاكىيىنى يۇتۇۋېلىپ ،زور كۈچ بىلەن يەھۇدىلارغا قارشى ئۆچمەنلىكنى قوزغاپ، ئۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور قەدەم باستى .ياپونىيە جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، «توققۇز دۆلەت ئەھدىنامىسى»گە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ،ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى .بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇمىيۈزلۈك پارتىلىدى .

ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ زىددىيىتى گەرچە ناھايىتى ئېغىر بولسىمۇ ،لېكىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا بولغان ئورتاق تونۇش بۇ ئىككىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ،ئۇلارنىڭ زىددىيىتىنى پەسكويغا چۈشۈردى .بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىلەن

ئەنگىلىيە يېقىنلىششقا باشلاپ ،ئامېرىكا گېرمانىيەگە قارىتا بەزى قاتتىق قول تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى .مەسىلەن ،گېرمانىيە تاۋارلىرىنىڭ ئېكىسپورت بېجىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار .بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ،گېرمانىيە ئامېرىكىغا تېخىمۇ رېئال تەھدىت پەيدا قىلغان ئىدى،گىرمانىيە لاتىن ئامېرىكىسى ـ ئامېرىكىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى مەبلىغىنى سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى .مونروئىزمنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسەن ،ئامېرىكا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى .ياپونىيىگىمۇ بەزى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى .«ئىجارىگەبېرىش قانۇنى»نى «بىتەرەپلىك قانۇنى»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ، ئۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان بەزى ھەربىي قورال ـ ياراغ ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئەنگىلىيە،جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە ئىجارىگە بەردى .سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن، «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»نىڭ ياردىمىدە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئامېرىكىدىن ئاز بولمىغان ھەربىي ماددىي ئەشيالارغا ئېرىشتى .ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى ،يۇقىرىدا دېيىلگەن زور تەدبىرلەرنى روزۋېلت يېگانەپەرەسلەرنىڭ غايەت زور بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپ ئىجرا قىلغان .قانداقلا بولمىسۇن ،بۇنى روزۋېلتنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە جاسارىتىنىڭ ئىپادىسى، دېيىشكە بولىدۇ .

1941يىلى **12**ـ ئاينىڭ **7**ـ كۈنى ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى پېيورل ـ خاربور پورتىنى ئوغرىلىقچە بومباردىمان قىلدى .بۇ قېتىمقى

ئوغرىلىقچە بومباردىمان ئۇچۇن، ياپونىيە ئۆزۈن مەزگىللىك، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغاچقا ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ھەمدە ئامېرىكا تىنچ ئوكيان فلوتىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى. بۇ ئامېرىكىنىڭ بىخەستىلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.ئامېرىكا گەرچە «بىتەرەپلىك قانۇنى» ئارقىلىق بەزى چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ياپونىيە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ قولىدىن داۋاملىق ھالدا نۇرغۇن ماددىي ئەشيالارنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭدا ماداراچىلىق سىياستى ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ قىسمەن تەلپىنى قاندۇرۇش بەدىلىگە ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چەكلەش كۆزلەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، ياپونىيە پېيورل - خاربور پورتىنى ئوغرىلىقچە بومباردىمان قىلىش بىلەن ئامېرىكىغا جاۋاب قايتۇردى.

پېيورل - خاربور ۋەقەسى ئامېرىكا تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى،يەنى پېيورل - خاربور ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېگانەپەرەسلىككە ئازراقمۇ ئورۇن قالمىدى، چۈنكى دۆلەت زېمىنى تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى، بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن نومۇس،بارلىق كۈچ-قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىش كېرەك ئىدى.

پېيورل - خاربور ۋەقەسى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدا، سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى ئاللا بۇرۇن پارتىلىغان بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ھازىر ئامېرىكا ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، بۇ ئەلۋەتتە بىرلا ۋاقىتتا گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەگىمۇ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق. چۈنكى گېرمانىيە،ياپونىيە، ئىتالىيە بۇ ئۈچ فاشىستىك دۆلەت ئىتتىپاق تۈزۈشكەن بولۇپ، دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كېڭەيمىچىلىك يولىغا

ماڭغان ئىدى .شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا ئىلگىرىكى يېگانە پەرەسلىكتىن ، ئۆزۆل -كېسىل ۋاز كېچىپ ،ھەقىقىي ھالدا دۇنيا ئىشلىرىغا قول تىقىشقا ،قول تىقىشلا ئەمەس ،مۇھىم ،ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشقا باشلىدى .ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەنگلىيە، فرانسىيەلەرنى ئېچىنىشلىق دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى ،ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا زومىگەرلىك ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى .بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا ئۇرۇشتا تازا كۆچىيىپ ،دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۆزۆلدۆرمەي ئەسكەر ئەۋەتتى ،قوشۇن تۇرغۇزدى، ھەم تەدرىجىي ھالدا ئەنگلىيەنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ھەقىقى ھالدا دۇنياۋى زومىگەرلىك سېستىمىسى ئورناتتى . ئۇرۇشتىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا ئەندىزىسى مانا بۇ زور ئۆزگىرىشنىڭ جانلىق ئىپادىسىدۇر .

دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالساق ،بىز شۇنى بايقايمىزكى ،ھازىرغا قەدەر دۇنيا مىقياسىدا زومىگەرلىك سېستىمىسى ئورناتقان دۆلەت ئىككى-ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا .ئۇلار بىلەن رىقابەتلەشكەن ئاساسلىق دۆلەتلەردىن گېرمانىيە ،ياپونىيە ،سوۋېت ئىتتىپاقىلا بار .لېكىن بۇ رىقابەتلەشكەن دۆلەتلەر بىر-بىرلەپ ۋەيران بولدى .ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا ،بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە بىلەن بىۋاستە رىقابەتلەشمىدى . تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش قىلمىدى . ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشتى ۋە شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى تارتىۋالدى .بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت بىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىمىز غا ئەرزىيدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار :

1. يۇچۇن،دوك شياۋچۇن ئاساسلىق تۈزگەن: «دۇنيا تارىخى پروگراممىسى» (كېيىنكى قىسمى)،خەنزۇچە، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى. 1999-يىل نەشرى، 519-بەت

2. ئۇۋيا:«ئوتتۇزىنچى يىللاردىكى ئامېرىكا بىتەرەپلىك قانۇنى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، جۇڭگو دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخى تەتقىقات جەمئىيتى تۈزگەن «دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخى مۇھاكىمە ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن . خەنزۇچە،بېيجىڭ ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى ، 1992-يىل، 100-بەت

ئاپتور: شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ-مەدەنىيەت فاكۇلتېتىدىن

人生经典 12 领悟

1、父子二人经过五星级饭店门口，看到一辆十分豪华的进口轿车。儿子不屑地对他的父亲说：“坐这种车的人，肚子里一定没有学问！”而父亲则轻描淡写地回答：“说这种话的人，袋里一定没有钱！”

点评：你对事情的看法，是不是也反映出你内心真正的态度？

2、晚饭后，母亲和女儿一块儿洗碗盘，父亲和儿子在客厅看电视。突然，厨房里传来打破盘子的响声，然后一片沉寂。于是儿子望着他父亲，说道：“一定是妈妈打破的。”“你怎么知道？”“她没有骂人。”

点评：我们习惯以不同的标准来看人看己，以致往往是责人以严，待己以宽。

３、有两个台湾观光团到日本伊豆半岛旅游，路况很差，到处都是坑洞。其中一位导游连声抱歉，说路面简直像麻子一样。而另一个导游却诗意盎然地对游客说：“诸位先生、女士，我们现在走的这条道路正是赫赫有名的伊豆迷人酒窝大道。”

点评：虽是同样的情况，然而不同的意念却会产生不同的态度。思想是何等奇妙的事，如何去想，决定权在你。

４、同样是小学三年级的学生，在作文中说他们将来的志愿是当小丑。中国的老师斥之曰：“胸无大志，孺子不可教也！”而外国的老师则会说：“愿你把欢笑带给全世界！”

点评：身为长辈的我们，不但容易要求多于鼓励，更狭窄地界定了成功的定义。

５、在故宫博物院中，有一位太太不耐烦地对她先生说：“我说你为什么走得这么慢。原来你老是停下来看这些东西。”

点评：有人只知道在人生的道路上狂奔，结果失去了观看两旁美丽花朵的机会。

６、妻子正在厨房炒菜。丈夫在她旁边一直唠叨不停：慢些。小心！火太大了。赶快把鱼翻过来。快铲起来。油放太多了！把豆腐整平一下！“哎呀，”妻子脱口而出，“我懂得怎样炒菜。”“你当然懂，太太，”丈夫平静地答道：“我只是要让你

知道，我在开车时，你在旁边喋喋不休，我的感觉如何。”

点评：学会体谅他人并不困难，只要你愿意认真地站在对方的角度和立场看问题。

7、一辆满载乘客的公共汽车沿着下坡路快速前进着，有一个人在后面紧紧地追赶着这辆车子。一个乘客从车窗中伸出头来对追车子的人说：“老兄！算啦，你追不上的！”“我必须追上它，”这人气喘吁吁地说：“我是这辆车的司机！”

点评：有些人必须非常认真、努力，因为不这样的话，后果就十分悲惨了！然而也正因为必须全力以赴，潜在的本能和不为人知的特质终将充分展现出来。

8、甲：“新搬来的邻居好可恶，昨天晚上三更半夜、夜深人静之时居然跑来猛按我家的门铃。” 乙：“的确可恶！你有没有马上报警？” 甲：“没有。我当他们是疯子，继续吹我的小喇叭。”

点评：事出必定有因，如果能先看到自己的不是，答案就会不一样。在你面对冲突和争执时，先想一想是否心中有亏，或许很快就能释怀了。

9、某日，张三在山间小路开车，正当他悠哉地欣赏美丽风景时，突然迎面开来一辆货车，而且满口黑牙的司机还摇下窗户对他大骂一声：“猪！” 张三听了很纳闷，也很生气，于是他也摇下车窗回头大骂：“你才是猪！”才刚骂完，他便迎头撞上一群过马路的猪。

点评：不要错误地诠释别人的好意，那只会让自己吃亏，并且使别人受辱。在不明所以之前，先学会按捺情绪，耐心观察，以免事后生悔。

１０、小男孩问爸爸：“是不是做父亲的总比做儿子的知道得多？”爸爸回答：“当然啦！”小男孩问：“电灯是谁发明的？”爸爸：“是爱迪生。”小男孩又问：“那爱迪生的爸爸怎么没有发明电灯？”

点评：很奇怪，喜欢倚老卖老的人，特别容易栽跟斗。权威往往只是一个经不起考验的空壳子，尤其在当今这个多元、开放的时代。

１１、小明洗澡时不小心吞下一小块肥皂，他的妈妈慌慌张张地打电话向家庭医生求助。医生说：“我现在还有几个病人在，可能要半小时以后才能赶过去。”小明妈妈说：“在你来之前，我该做什么？”医生说：“给小明喝一杯白开水，然后用力跳一跳，你就可以让小明用嘴巴吹泡泡消磨时间了。”

点评：ｔａｋｅ ｉｔ ｅａｓｙ！放轻松、放轻松，生活何必太紧张？事情既然已经发生了，何不坦然自在地面对。担心不如宽心，穷紧张不如穷开心。

１２、一把坚实的大锁挂在大门上，一根铁棍费了九牛二虎之力，还是无法将它撬开。钥匙来了，他瘦小的身子钻进锁孔，只轻轻一转，大锁就“啪”地一声打开了。铁棍奇怪地

问："为什麽我费了那么大的力气也打不开，而你却轻而易举地就把它打开了呢？"钥匙说："因为我最了解他的心。"

点评：每个人的心，都像上了锁的大门，任你再粗的铁棍也撬不开。唯有关怀，才能把你变成一把细腻的钥匙，进入别人的心中，了解别人。

ئوقۇرمەنلەرگە سەمگە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ياخشىمۇسىز! شەرقى شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قانچە ستۇدېنتلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئەر مەنبەسى كەم بولۇش ، ژۇرنالنى قوللاش تازا يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق تۇرلۇك توسالغۇلارنى يېڭىپ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ژۇرنىلىمىز مانا بۈگۈن ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇنجى سان ژۇرنىلىمىزنى چىقىرىشنى قوللىغان، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ ئەر بىلەن تەمىنلىگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا، ئارقا سەپتە جاپالىق ئىشلىگەن ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز .

ئاخىرىدا ئىلمىگە تەشنا بارلىق كەڭ ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ شۇنداقلا تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىي يازمىلىرىنى بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي يۈرەك ساداسىنى ياڭرىتىدىغان ژۇرنال قىلىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئۇيغۇر قوللاشقا موھتاج ! ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولغان قېرىنداشلىرىمىز ئىمكانىيەت بولسا ژۇرنىلىمىزنى باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىپ قويسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشىمىز تەك بەھرىمەن بولسا، بۇ ئەرزىمەس ئەمگىكىمىزدىن

ئالەمچە سۆيۈنگەن بولاتتۇق .

تارقىتىلىش شەكلى: ژۇرنىلىمىز ھەر ئايدا بىر سان چىقىرىلىدىغان بولۇپ ، بىلنۇر ستۇدېنتلار كۇلۇبى شۇنداقلا ئۇيغۇر ستۇدېنتلار مۇنبىرىدە بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلىدۇ. ئادرېسى : http://bilnur.com
http://uystudent.com

ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرى: ژۇرنىلىمىز توردا تارقىتىلىدۇ، قەلەم ھەققى تارقىتىشقا قۇربىمىز يەتمەسمۇ، يېقىن كەلگۈسىدە ھەرخىل مۇكاپاتلىق ئەسەر سەھىپىسىنى قۇرۇپ، بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىنى يەردە قويمايمىز. ئەۋەتىلىدىغان ئەسەر چوقۇم ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى يازغان ئەسىرى بولۇشى كېرەك، توردىن، ئۇ-يەر بۇيەردىن كۆچۈرگەن ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ. قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ژانىرىغا ، تىلىغا چەك قويۇلمايدۇ، بۇنداق دېيىشتىن مەقسەت بىۋاستە ، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ، ۋە باشقا تىللاردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈنمۇ مەيدان ھازىرلاپ بېرىش ، ئالدىنقى شەرت يەنىلا يازما ئىجادىي بولۇشى كېرەك .

بۇ ساننىڭ تۈزگۈچى ۋە مۇھەررىرلىرى: ئابدۇسەمەد ئابدۇخالىق، ئابلىز ئەخمەت ،
مۇنەۋۋەر، بۇرابىيە .